گۈلجەۋھەر ئىبراھىم

# خوتۇنلارغا 101 تەكلىپ

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

给夫妻101条忠告/古丽加海尔编.–乌鲁木齐:新疆人民卫生出版社,2006.6
ISBN 7-5372-4173-2

Ⅰ.给… Ⅱ.古… Ⅲ.婚姻–通俗读物–维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.C913.13-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第058988号

书　　名: 给夫妻101条忠告
主　　者: 古丽加海尔·伊布拉依木
责任编辑: 亚力坤·阿布都萨拉木
责任校对: 佐合拉·斯迪克
出　　版: 新疆人民卫生出社版出版
社　　址: 乌鲁木齐市龙泉街66号
印　　刷: 新疆金光印务有限公司印刷
发　　行: 新疆新华书店
版　　次: 2006年6月第1版　2010年3月第2次印刷
开　　本: 850×1168毫米　1/32　7.625印张　130千字
印　　数: 3500—10000　定价: 12.00元



گۈلجەۋھەر ئىبراھىم

# تۇزگۇچىدىن

نەزىرە مۇھەممەت سالىھ ئۆزىنىڭ «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ» ناملىق كىتابىدا خوتۇنلار ھەققىدە توختىلىپ مۇنۇلارنى يازىدۇ: «ئاياللاردىكى ئالامەتتىن كىشىلەر زامان ئاخىرىنىڭ بەلگىلىرىنى كۆرىدۇ... ئاياللارنىڭ تەقۋالىقى ۋە ئەخلاقى بىر مىللەتنى يېڭىدىن يارىتالايدۇ. ئاياللارنىڭ بۇزۇلۇشى بولسا مىللەتنى ھالاكەتلىك يوقىلىش گىردابىغا سۆرەپ ئاپىرالايدۇ. مەردپەتلىك ئانىلاردىن بۈيۈك زاتلار تۇغۇلىدۇ. شۇڭا، بىر پەيلاسوپ «بىزگە ياخشى ئانىلارنى بېرىڭلار، بىز ياخشى ئادەملەر بولۇپ يېتىشىمىز» دەپ مۇراجىئەت قىلغان» . دېمىسىمۇ جەمئىيەتكە، بىر ئائىلىگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ناھايىتى چوڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان خوتۇن كىشى نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقنى بىلىشى، ئۆزلۈكسىز ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ يۇقىرى ساپا ھازىرلىشى لازىمدۇر. ئەگەر بىر خوتۇن ئۆز مەسئۇلىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، ئۇ جەمئىيەت، ئائىلە، پەرزەنت، ئەڭ مۇھىمى ئېرى ئالدىدا ئەيىبكار ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. مۇشۇلارنى چوڭقۇر چۈشەنگەن مەلۇم بىر ئەقىللىق ئانا يات ئائىلىگە ئۇزىتىۋاتقان قىزىنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ مۇنداق دېگەنىكەن: «قىزىم! ئېرىڭگە قانچىلىك ھۆرمەت ۋە ئىتائەت قىلساڭ، شۇنچىلىك سۆيۈملۈك بولىسەن، قانچىلىك رازى قىلساڭ، شۇنچىلىك مۇھەببەت كۆرىسەن، شۇنى ھەم تەكىتلەپ ئۆتۈشۈم لازىمكى، بۇ ئېيتقانلىرىمنى پەقەت ئۇنىڭ ئارزۇلىرىنى، ئۆز ھاۋايى –

ھەۋەسلىرىڭدىن، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئۆز ئارزۇلىرىڭدىن ئۈستۈن قويۇش بىلەنلا ئورۇندىيالايسەن».

دېمەك، ئەر بىلەن ئايال ھەر جەھەتتىن بىرلەشكەندىلا مۇكەممەل ئادەم شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر بىلەن ئايال توي قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرلىشىشى ئارقىلىقلا ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، داۋاملىشىدۇ. ئەر بىلەن ئايال مەڭگۈ بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان بىر گەۋدە بولغان ئىكەن، تۇرمۇشنى گۈزەل، بەختلىك، خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشى، تۇپراققا قايتقاندىمۇ ئارمانسىز كېتىدىغان بولۇشى كېرەك.

بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرى - بىرى بىلەن قانداق قىلىپ تېخىمۇ ئىناق، مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلىشىشنى ھەر ۋاقىت ئويلاش، كۆڭۈل بۆلۈش ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە، بۇ كىتاب شۇنداق ئارزۇلار ئىستىكىدە تىرىشىدىغانلار ئۈچۈن ئاز - تولا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە تۈزۈلدى، ئەگەر ئوقۇرمەنلەرگە ئانچىكىم نەپ بېرەلىسە ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتۇق.

**2006 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى**

# مۇندەرىجە


1. چىن ئىخلاسىڭىز بىلەن ئېرىڭىزگە كۆيۈنۈڭ ... 1
2. ئېرىڭىزنىڭ بەزى كۆزقاراشلىرىدىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلىۋېلىڭ ............................... 3
3. ئېرىڭىزنى تەنقىدلىگەندە دوستانە بولۇڭ.......... 5
4. ئېرىڭىزنىڭ قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشىگە ئىلھام بېرىڭ ............................... 7
5. ئېرىڭىزنىڭ پىششىق يېتىلىشىگە ياردەم بېرىڭ ... 9
6. ئېرىڭىزنى تېخىمۇ مۇنەۋۋەر ئەرلەر بىلەن سېلىشتۇرماڭ... 11
7. قانداقلا جايغا بېرىڭ، چوقۇم ئېرىڭىزنى خەۋەرلەندۈ-رۈپ قويۇڭ ............................... 14
8. خىزمەتتە يولۇققان قىيىنچىلىقلىرىڭىزنى ياخشى ھەل قىلىڭ، ئۆيگە سۆرەپ كىرمەڭ................ 16
9. ھەرقانداق خاراكتېردىكى يىغىلىشقا بېرىشتىن بۇرۇن، ئېرىڭىزغا چوقۇم ئېنىق ئېيتىپ قويۇڭ ............... 18
10. ئېرىڭىزنىڭ ھەۋەسلىرىگە ئورتاقلىششنى بىلىۋېلىڭ... 21
11. ئېرىڭىزگە ئىشىنىڭ ۋە مۇۋاپىق ئەركىنلىك بېرىڭ... 24
12. ئېرىڭىزدىن ئۆزىڭىزنىڭ كۆزقاراش ۋە ھەرىكەتلىرىڭىزنى يوشۇرماڭ، سەممىي بولۇڭ ............... 26
13. تالاش ـ تارتىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىڭ... 28
14. ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشىدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا ئېتىبار بىلەن قاراڭ ............... 31

15. ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟... 34
16. ئېرىڭىزنىڭ ئاغزىغا تېتىغۇدەك تاماقلارنى ئېتىپ بېرىڭ ........................................ 36
17. ئېرىڭىزنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ پاكىز، رەتلىكلىكىگە دىققەت قىلىپ تۇرۇڭ .............................. 38
18. ئېرىڭىزنىڭ بارلىق ئاياغلىرىنى پاكىز سۈرتۈپ، مايلاپ قويۇڭ ........................................ 41
19. ھەرگىز ئېرىڭىزنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتمەڭ....... 43
20. ئېرىڭىز مۇزلاپ كەتكەندە ئىسسىقلىق ئاتا قىلىڭ ........................................ 45
21. ئېرىڭىزگە ياردەملىشىپ، بارلىق مەخپىي نومۇرلارنى ئېسىڭىزدە تۇتۇۋېلىڭ ........................................ 47
22. ئېرىڭىزنىڭ باشقىلار ئالدىدا ئابرۇيى بولسۇن دېسىڭىز، پۇل خەجلەش ئەركىنلىكى بېرىڭ .............. 48
23. تاشقى قىياپەت گۈزەللىكىڭىزنى چوقۇم ساقلاپ قېلىڭ... 50
24. ئېرىڭىزگە كۈندە بىر قېتىم تېلېفون ئۇرۇپ تۇرۇڭ... 53
25. ئېرىڭىزنىڭ ئاتىلىق غۇرۇرىنى ھۆرمەت قىلىڭ ... 55
26. بىلىملىك ۋە ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئايال بولۇڭ... 57
27. دائىم ئېرىڭىزگە ئەركىلەپ تۇرۇڭ .............. 59
28. ئېرىڭىزگە دائىم ھەمراھ بولۇڭ .............. 61
29. «گەپ ئاڭلايدىغان ئايال» بولۇڭ .............. 63
30. پات ـ پات رومانتىك ئىشلارنى قىلىپ، تۇرمۇشىڭىزدا يېڭىلىق پەيدا قىلىڭ .............................. 65
31. مۇھەببەتلەشكەن چاغلىرىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ ........................................ 67
32. كىشىلىك ئالاقە سورۇنلىرىدا يەڭگىلتەكلىك

قىلماق ........................................ 69
33. ئەرنىڭ مېھمانلىرىنى كۈتۈۋېلىشقىمۇ سەۋر ـ تاقەت بولۇش كېرەك ........................................ 71
34. ھەرگىز كوتۇلدىماڭ........................................ 74
35. ئۆيىڭىزنى پاكىز تازىلاپ تۇرۇڭ ........... 77
36. ئۆتكەن ئىشلارنى ھەرگىز تەگمەڭ ......... 79
37. ئېرىڭىزنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىپ قويۇڭ....... 81
38. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېرىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تەرـ غىب قىلىڭ ........................................ 83
39. ئۆيدە ئېرىڭىزگە پات ـ پات «زىياپەت» بېرىپ تۇرۇڭ ........................................ 85
40. ئۆي تۇتۇش ماھارىتىڭىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ....... 87
41. ئېرىڭىزگە «ئۇششاق ـ چۈششەك» ئىشلارنى قىلغۇزماڭ ........................................ 89
42. باشقىلار بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەن ۋاقتىڭىز بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتمىسۇن........................................ 91
43. دائىم ئېرىڭىزنى يالغۇز ئۇخلاشقا مەجبۇر قىلماڭ ........................................ 93
44. سۈرەتلەرنى تەرتىپى بىلەن رەتلەپ قويۇڭ......95
45. ئېرىڭىزگە دائىم سوۋغات بېرىپ تۇرۇڭ ....... 97
46. ئېرىڭىزگە كىيىم ئالسىڭىز سۈپەتلىكىنى ئېلىپ بېرىڭ ........................................ 99
47. كۈندە ئورۇقلاش جېدىلىنى قىلماڭ .......... 101
48. ئۆزىڭىزگە خاس بىر ھەۋەس يېتىلدۈرۈڭ....... 103
49. بەخت نەدە؟ ئۇ سىز بولسىكەن دېگەن يەردە... 105
50. ئېرىڭىزنىڭ ئۆيدە سىزگە قىلغان ئانچە ـ مۇنچە

ياردەملىرىنى ھارغىچە ماختاش ........................ 108
51. ئېرىڭىزنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە چەمبىرىكىگە خۇشاللىق بىلەن قېتىلىش .............................................. 110
52. خىزمەت تەلۋىسى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ... 113
53. ئېرىڭىزنىڭ ئاچچىقىنى بېسىۋېلىشىغا ياردەم قىلىش... 115
54. ئېرىڭىزگە ياردەملىشىپ، ئۇ خالىمايدىغان مېھماندار-چىلىقلارنى سىلىق قايتۇرۇۋېتىش ........................ 118
55. بىر ياخشى ئانا، ياخشى كېلىن بولۇش ...... 120
56. بەزىدە ئۆزىڭىزنىڭ مۇستەقىللىقىڭىزنىمۇ ئىپادىلەپ قويۇش.................................................. 124
57. ئېرىڭىزنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلىش .......... 127
58. قېيىناتا ـ قېيىنانىڭىزغا ۋاپادارلىق كۆرسىتىش....... 129
59. «ئۇچىنچى شەخس» قىستۇرۇلىۋالغاندا ئاقىلانە بىر نەرەپ قىلىش ........................................ 131
60. ئېرىڭىزنىڭ ئالدىدا «دۆت» رەك بولۇۋېلىش....... 134
61. ئېرىڭىزنى ھەيران قالدۇرۇۋېتىشنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ .................................................. 136
62. ئېرىڭىزنىڭ بېسىمىنى يەڭگىللىتىشكە تىرىشىش... 138
63. كونا مۇھەببەت يالدامىلىرىنى يوقىتىۋېتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق ........................................ 140
64. قېيىنانىڭىزنى ئۆز ئانىڭىزدەك كۆرۈش.......... 142
65. ئېرىڭىز بۇرۇن ياشىغان، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايلىرىنى بىللە بېرىپ كۆرۈپ كېلىش ........................ 144
66. ئېرىڭىز بىلەن ساياھەتكە چىقىش.......... 146
67. ھەرگىز شۇم ئېغىزلىق قىلماسلىق ........... 148
68. ئېرىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى ئۈمىد قىلىش-

گىز، نىشان بەلگىلىشىپ بېرىش ........................ 151
69. ئېرىگىزنىڭ خىزمەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى قانداق؟ ........................................ 153
70. بالىلىرىگىزغا پات - پات پۇل بېرىپ تۇرۇش ھەم قانداق خەجلەشنى ئۆگىتىش .......................... 155
71. ھەر ئايدا بىر قېتىم ئېرىگىز بىلەن كىنو كۆرۈپ كېلىش ...................................................... 157
72. ئېرىگىز بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇش .......... 159
73. ئېرىگىز ياخشى كۆرىدىغان بىرەر ئۆسۈملۈكنى ئۆستۈرۈش .................................................... 161
74. ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت بەرپا قىلىشقا تىرىشىش ................................................... 163
75. ئېرىگىز ئۆز ئۆيىنى راھەت ھېس قىلسۇن....... 168
76. ئىككىڭلارنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالمىسۇن....... 171
77. ئېرىگىز ئەمەلدار بولسا، تېخىمۇ سەگەك بولۇش............................................................ 174
78. ئائىلىگىزنىڭ مالىيىسىنى ياخشى باشقۇرۇش....... 176
79. يۇقىرى ئىستېمال ھەۋىسىگىزنى كونترول قىلىش... 179
80. ئېرىگىزنىڭ يېقىن دوستلىرىغا ياردەم بېرىشىنى قوللاش ...................................................... 182
81. ياخشى ئانا بولۇش ........................... 184
82. بالا تەربىيىلەشتە ئېرىگىز بىلەن پىكرىگىز بىر يەردىن چىقسۇن ................................................... 186
83. ئائىلىگىزدىكىلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىنى ئېسىگىزدىن چىقىرىپ قويماسلىق ..................................... 188
84. ماسلاشقان جىنسىي تۇرمۇش نىكاھنىڭ ئاساسى

ئاملى ........................................................ 190
85. بالىلارىڭىزنى پات ــ پات سەھرالارغا ئاپىرىپ تۇرۇڭ ........................................................ 193
86. ئالقىشقا سازاۋەر ئايال بولۇڭ .................. 195
87. ئائىلىڭىزدىكىلەر ئاغرىپ قالغاندا، چوقۇم يېنىدا ھەمراھ بولۇڭ .......................................... 198
88. بىللە بەدەن چېنىقتۇرۇشقا قاتنىشىڭ ....... 200
89. بالىلىرىڭىزنى مۇزېي، پەن ــ تېخنىكا كۆرگەزمىخانىلىرىغا ئاپىرىپ تۇرۇڭ ............................... 202
90. ھەرگىز غەزەپلەنمەڭ ......................... 204
91. ئېرىڭىز نەگە بارسا سايىدەك ئەگىشىۋالماڭ.......... 207
92. باشقا ئەرلەرنىڭ «سۆيگۈ» ئىزھارىنى رەت قىلىڭ............................................................ 209
93. ئائىلىڭىزنى ئورتاق باشقۇرۇڭ .................. 212
94. تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىپ، ئائىلىڭىزنى قامداڭ ........................................................ 214
95. ئېرىڭىز بىلەن سوقۇشماڭ ...................... 216
96. تۇرمۇشقا ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇڭ، ھەر ۋاقىت خۇشال ياشاڭ .................................................. 219
97. مەڭگۈ «ئائىلە» گىزنى مەركەز قىلىڭ....... 221
98. ئەخلاق — سىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئەگكۈشتەرىڭىز... 223
99. ھەقىقىي جەلپ قىلىش كۈچىنى يېتىلدۈرۈڭ....... 225
100. نەچچە ئون يىللىق تۇرمۇشىڭىزدا ئەسلىگۈدەك نېمە بار ئىكەن؟........................................................ 228
101. بالىلىرىڭىزنى تىرىك يېتىم بولۇشقا مەجبۇرلىماڭ ........................................................ 230

# 1. چىن ئىخلاسىڭىز بىلەن ئىرىڭىزگە كۆيۈنۈڭ

ئەرلەر قارىماققا پولات ــ تۆمۈردەك قەيسەر كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى تاشقى قىياپىتىدەك ئۇنداق كۈچلۈك ئەمەس، ھەتتا ئەرلەرنى «ئادەم بالا» دېسەكمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. شۇڭا، ئۇلار بىزنىڭ كۆيۈنۈشىمىزگە، ھالىنى پات ــ پات سوراپ تۇرۇشىمىزغا، بەزىدە خۇددى ئانىلاردەك غەمخورلۇق قىلىشىمىزغا تولىمۇ موھتاج.

ئائىلىنىڭ بەختلىك بولۇشى ئايالغا باغلىق. كونىلار ناھايىتى توغرا ئېيتقان: «ياخشى گەپ تاشنى يارار، يامان گەپ باشنى (يارار)»، «كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر» دەپ، ئەرلەرگە مۇلايىم ۋە يېقىملىق بولغاندا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۇچۇن ھەرۋاقىت تىرىشقاندا، چىن ئىخلاس بىلەن ئېرىنى خۇشال قىلىش، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئىستىكىدە بولغاندا، ئاندىن ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئورۇن ئالالايمىز. شۇڭا ھېسسىياتىمىز داۋاملىق چوڭقۇرلاشسۇن، سالماق قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىسۇن، مۇھەببەتكە نائىل بولاي دېسىڭىز ھەرۋاقىت چېھرىڭىزدىن نۇرانە تەبەسسۇمىڭىز جىلۋە قىلىپ تۇرسۇن، ئېرىڭىز قوبۇل قىلالايدىغان، خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغان ئۇسۇللار

بىلەن ئۇنىڭغا كۆيۈنۈك، سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈڭ. چۈنكى ئەر — ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، يۆلەنچۈكى!

ئەرلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالالايدىغان ھەقىقەت پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ياخشى مىجەز. ئەرلەر ھامان ئۇنىڭ ئالدىدا باش ئېگىدۇ.

— مىناند

دىل ئارامى — ياخشى بولسا گەر خوتۇن،
يامان بولسا ئۇندىن خۇدا ساقلىسۇن.

— سەئىدى شىرازى

## 2. ئېرىگىزنىڭ بەزى كۆزقاراشلىرىدىن
## ھۆزۆرلىنىشنى بىلىۋېلىڭ

تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدۇكى، «ھەممە بەس ـ بەستە سايراش» بولسا مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى كاپالىتى؛ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدۇكى، «ئېرى ناخشا ئېيتسا خوتۇنى جۆر بولۇش» ئائىلىدىكى سۇسلىشىپ كەتكەن ھېسسىياتنى، كۆڭۈل ئارازلىقلىرىنى داۋالاشنىڭ شىپالىق دورىسى، ئىككاھنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىكى ئاساسلىق ئامىل.

ئەر ـ خوتۇن دېمەك يولداش دېمەكتۇر، ئەر ـ خوتۇن دېمەك قوللاش دېمەكتۇر. ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئەڭ يېقىن، ئەڭ ئىناق، ئەڭ قويۇق، ئەڭ كۆڭۈللۈك، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەڭ بەختلىك، لېكىن ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ چىگىش بولغان ئۆمۈرلۈك مۇناسىۋەتتۇر. بۇ خىل مۇناسىۋەت توغرا ھەل قىلىنمىسا، ئەڭ كۆڭۈلسىز، ئەڭ ئىناقسىز، ئەڭ ئازابلىق، ئەڭ زېرىكەرلىك، ئەڭ ئەلەملىك ۋە ئەڭ بەختسىز مۇناسىۋەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر بەختلىك، ئىناق ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولاي دېسىڭىز، ئېرىڭىزنىڭ بەزى مەسىلىلەرگە بولغان كۆزقاراشلىرىدىن چىن دىلىڭىزدىن ھۆزۆرلانغانلى-

قىڭىزنى بىلدۇرۇڭ، بۇ نىكاھ تۇرمۇشىنىڭ تېخىمۇ چىڭىشىغا پايدىلىق. بەزى «پارچە - پۇرات» مەسىلىلەردە ئېرىڭىزنىڭ پىكرى بىلەن كۆزقارىشىڭىز ئوخشاش بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گەپ قىلىش ھوقۇقىنى جان پىدالىق بىلەن قوغداڭ، قوپاللىق بىلەن رەت قىلماڭ، قارشى تۇرماڭ.

**كۆڭۈلگە خاپىلىق يەتكۈزىدىغان قوپال راست سۆزدىن، مۇلايىملىق ئارىلاشقان يالغان سۆز ياخشى.**

**— گەلىشىر نەۋائى**

**مۇلايىملىق بىلەن قىل سۆزدە جەۋلان،**
**قوپال سۆزدىن رەنجىيدۇ ھامان دىل - جان.**

**— ناسىر خىسراۋ**

## 3 . ئېرىنگىزنى تەنقىدلىگەندە دوستانە بولۇڭ

ئەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە تاماكا چېكىش، هاراق ئىچىش، كېچىچە قارت ئويناش... تەك خۇمارلار بولىدۇ. خۇدا بىر ياخشى ئايالنى هامان ئاشۇنداق ئازراق «قىنىدىن چىقىپ كەتكەن» لەرگە هەمراھ قىلىپ قويىدۇ. بۇ ئارقىلىق سىزنىڭ ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىشىڭىزنى، ئۇنى مۇهاپىزەت قىلىشىڭىزنى، باشقۇرۇشىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئېرىڭىزنى سۆيۈش، ئۇنىڭغا تېگىش — ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل قوبۇل قىلىشىڭىزدىن دېرەك بېرىپلا قالماستىن، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىشىڭىزنى كۆرسىتىدۇ.

ئېرىڭىزنىڭ ناچار خۇمارلىرىغا نىسبەتەن ئاقىلانە بولۇشىڭىز زۆرۈر، ئەگەر ھەدېسىلا چالۋاقاپ، قولاق - مېڭىسىنى يەپ تىللاپ، هۆركىرەپ ئۇنى بۇ خۇمارلىرىدىن توسىمەن دېسىڭىز، ئەكسىچە ئېرىڭىزنى تېخىمۇ بىزار قىلىپ قويىسىز - دە، ئۇ سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلىمايلا قالماي، بۇرۇنقىدىنمۇ بەك چېشىڭىزغا تېگىشى مۇمكىن.

بىر ئادەمنى ئۆزگەرتىش تولىمۇ تەس، شۇڭا سىز ئېرىڭىز-

نى ئۆزگەرتمەن دېمەي، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزدىكى ئاشۇ ئىللەتلەرنى تۈزىتىپ، مۇلايىم، سەۋرچان، دوستانە بولۇڭ. چۈنكى «مۇھەببەت — گۈل، پەرۋىش قىلىپ تۇرمىسا ئۆلىدۇ؛ مۇھەببەت — ئوت، ئۇنى قالاپ تۇرمىسا، كوچىلىسا ئۆچىدۇ، سۇسلىشىدۇ؛ مۇھەببەت ئاسراشقا، پەرۋىشكە موھتاج».

ئەرلەرگە نىسبەتەن خوتۇنىنىڭ خۇشخۇي ھالىتىنى كۆرۈشتىنمۇ بەك خۇشاللىق ئىش بولمايدۇ. ئەگەر سىز دائىم چىشى شىردەك ھۆركىرەپ يۈرسىڭىز ئېرىڭىزنىڭ يەنىلا ئۆيگە قايتقۇسى كېلەرمۇ؟

**كىمكى سۆيگەن كىشىسىنىڭ نۇقسانلىرىغا كۆز يۇمۇۋالمىسا، ئۇ سۆيمەن دېمىسىمۇ بولىدۇ.**

**— كالدېرون**

**شېرىن سۆزلۈك بولغىن ئەي سەن بىلەرمەن،**
**بۆلغىما لېۋىڭنى سوغۇق سۆز بىلەن.**

**— ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى**

## 4 . ئېرىڭىزنىڭ قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشىگە ئىلھام بېرىڭ

تۇرمۇش زىددىيەتكە تولغان، بەزىدە ئوڭۇشلۇق، بەزىدە ئوڭۇشسىزلىق بولۇپ تۇرىدۇ. زامانىۋى تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىكى، تالاش ـ تارتىش، رىقابەتلەردىن قايسى بىر ئايال ۋايىسمايدۇ؟ قايسى بىر ئەر غەم قىلمايدۇ؟ تەنھالىق، ئەندىشە، ئۈمىدسىزلىك — ئالىقاچان زامانىۋى كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى ئۆي تامىقىدەكلا بولۇپ قالدى.

ئېرىڭىزنىڭ كەيپىياتى تۆۋەن چاغدا ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ قويۇڭ ۋە ئىلھام بېرىڭ. ئەگەر ئېرىڭىزنىڭ روھى چۈشۈپ كېتىش، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش بىلەن تەڭ سىزنىڭمۇ روھىڭىز چۈشۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا توختىماي تاپا ـ تەنە قىلسىڭىز، بۇ خىل ئوسال كەيپىيات ئېرىڭىزنىڭ روھىنى تېخىمۇ چۈشۈرۈپ، غەيرەت ـ شىجائىتىنى يوقىتىۋېتىدۇ، بۇنداق خوتۇنلار خۇددى گال پىچاققا ئوخشاش ئېرىنىڭ ھاياتىنى قىرقىيدىغان ئەسكى خوتۇنلاردۇر.

دۇنيادا ئۆتكىلى بولمايدىغان دەريا، يەشكىلى بولمايدىغان تۈگۈن يوق. ئەگەر سىزنىڭ روھىڭىز چۈشۈپ، تەتۈر پېشانىلىكىڭىزدىن ئاغرىنىپ، ۋايساپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېرد-

گىزنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتىپ، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كەتسە، سىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىگىزدىن ئېرىنگىز چۆچۈپ كەتمەسمۇ؟ خوتۇننى توغرا تاللىيالماپتىمەن دەپ ئويلىمای قالارمۇ؟ بۇ خىل ئوي ئۇنىڭ سىزگە يەنىلا بۇرۇنقىدەك كۆڭۈل بېرىشىنى توسماي قالامدۇ؟

شۇڭا، ئېرىنگىز قىيىنچىلىققا يولۇققاندا مۇلايىملىق بىلەن ئېرىنگىزنى رىغبەتلەندۈرىدىغان گەپلەرنى قىلسىڭىز، ئېرىنگىز قايتىدىن روھلىنىپ كېتىدۇ. مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ قىلالمىسىڭىز، ئېرىنگىز بىلەن بىر ئۆمۈر ئىناق، بەختلىك بىللە ئۆتۈشتىن ئۈمىد كۈتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئادەم كۆيۈنۈش ئىچىدە چوڭ بولىدىغان مەخلۇق، ئەرلەر تېخىمۇ شۇنداق.

**ئانا مېھرىدىن ئايرىلىش بەك بىچارە ئىش ، خوتۇن مېھرىدىن ئايرىلىش بەك ئېچىنىشلىق ، دوستلۇق مېھرىدىن ئايرىلىش بەك تەنھا ئىشتۇر .**

**— زولا**

**خوتۇن بولسا ياخشى ۋە يارىسا ،**
**گاداي ئەرنى ئۇل قىلۇرلەر پادىشاھ .**

**— ئەھمەد دانىش**

## 5 . ئىرىخىزنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە ياردەم بېرىڭ

ئەرلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ۋە پىشىپ يېتىلىشى ئاياللارنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ.

ئەرلەرنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ زادى نېمە؟

راست گەپنى قىلسام مەن ئەرلەرنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ بىرى ئاياللار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. مەن ھەقىقەتەن شۇنداق ئويلايمەن، ئىشىنىمەنكى، تۇرغۇن ئەرلەر مېنىڭ بۇ قارىشىمنى ھىمايە قىلىدۇ.

بەزىلەر ئەمەل، نام ـ ئابروي، مال ـ دۇنيا ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە دەپ قارايدۇ. بۇ خىل دۇنيا قاراشنىڭ توغرا ـ خاتالىقى ئۈستىدە توختالماي تۇرايلى، بىراق شۇنى تەكىتلىمەي بولمايدۇكى، ئەرلەر ئۈچۈن ئىپتىقاندا پەقەت ئاياللار مەۋجۇت بولغان دۇنيادىلا ئەمەل، نام ـ ئابروي، مال ـ دۇنيانىڭ ئەرلەرگە نىسبەتەن ئەھمىيىتى بولىدۇ. بۇ خۇددى ئادىل مىجىتنىڭ ھېلىقى يۇمۇرلىرىدىكى «ئەگەر سىلەر ئاياللار بولمساڭلار، بىز ئىشتان كىيىپ نېمە ئىش قىلىمىز؟» دېگىنىدەكلا بىر ئىش.

ئەگەر ئەرلەر ئايالالار يوق جەمئىيەتتە ياشايدىكەن گەرچە يۇقىرىدا ئېيتىلغان نەرسىلەرگە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ بۇ نەرسىلەرنى ئەھمىيەتسىز ھېس قىلىدۇ. ئەگەر ئايالالار بولمايدىكەن، ئەرلەر جاپالىق ئىشلەپ كەتمەيدۇ، ۋە ياكى نام ـ ئابرۇيىمۇ قوغلىشىپ كەتمەيدۇ، دۇنيادا ئايالالار بولمايدىكەن... ! بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئەرلەرگە قارىتا ئايالالار ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئەرلىرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىدە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئەرلەرنىڭ كۈرەش نىشانىنىڭ بىرى، ئەرلەر تېخىمۇ ياخشى «ئايال» غا ئېرىشىش يولىدا جاسارەت بىلەن ئالغا باسىدۇ.

ئەرلەر پەقەتلا بىر ساز، ئۇ تەنھا ئۆزىلا بولسا ھېچقانداق ياڭراق ئاۋاز چىقىرالمايدۇ؛ ئايالالار سازەندە ھەرقانداق ساز ئۇلارنىڭ قولىدا ناھايىتى گۈزەل سىمفونىيىلەرنى ياڭرىتالايدۇ.

ياخشى ئايال خۇددى بىر پېچقا ئوخشايدۇ. ئۇ بىر ياخشى ئەرنى تاۋلاپ چىقالايدۇ.

**ئايالالار دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ كۈچ، پەقەت ئۇلار ئارقىلىقلا ئۆزىدىكى بارلىق يوشۇرۇن كۈچنى نامايان قىلالايدۇ.**

**— ئىبسون**

**يارسىز يول بولمايدۇ ھېچ راۋان،**
**سۇ بولمىسا سۇ ئاققاندى قاچان؟**

**— ئەبۇلمەجىد سەنايى**

## 6 . ئېرىكىزنى باشقا تېخىمۇ مۇنەۋۋەر ئەرلەر بىلەن سېلىشتۇرماڭ

«ئالتۇن ساپ بولماس، ئادەم نۇقسانسىز» دېگەندەك، دۇنيادا كۆڭۈلدىكىدەك ئەر ۋە خوتۇن بولۇش ئاز ئۇچرايدۇ. ئادەم جانلىق ۋە ئۆزگىرىپ بارىدىغان مەخلۇق. ھەر كىمنىڭ ئۆز گۈلى ۋە تىكىنى، ئۆز ئەۋزەللىكى ۋە نۇقسانلىرى بولىدۇ.

ئېيتىش كېرەككى، ئەر ئائىلىدە ھەقىقىي سىمۋول بولماستىن پاسىق ئايالنىڭ ئويۇنچۇقى، ساختا نىقابى، ھاقارەتلەش ئوبيېكتى بولىدىغان ئەھۋال گەرچە كەمدىن ـ كەم بولسىمۇ، ئائىلە شەنىگە ئېغىر داغدۇر. بۇنداق ئائىلىدىكى خوتۇن پەرزەنتنى، ئۆزىنى، ئېرىنى قېيىققا سېلىپ ھالاكەت گىردابىغا ھەيدىگەن كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كەينىدە پاجىئە ئاقىۋەتلىك تۇرمۇشنىڭ ئىز بېسىپ كېتىۋاتقانلىقىغا گۇمانلانماسلىق كېرەك.

بەزى ئاياللار ئۆزىنىڭ ئېرىنى ھەدېسە باشقا ئەرلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، جېدەل تېرىشقا ئامراق. بۇزغۇنچى خاراكتېرلىك بىر خىل كوتۇلداش، قۇسۇر ئىزدەش ئۇسۇلى — بىر كىشىنى يەنە بىر كىشىگە سېلىشتۇرۇش.

ئادەملەردىكى ئېھتىياجنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمى باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە، ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت.

«نېمىشقا جىق يول تاپالمايسەن؟»، «نېمىشقا خەق كىيگەن قاما جۇۋىنى مەن كىيەلمەيمەن؟»، «خەق ھازىر باشلىق بولۇپ بولدى، سەن نېمىشقا بولالمايسەن؟»، «خەق ماشىنا ئاپتۇ، ئىسىت! ساڭا تەگكۈچە ئاشۇنىڭغا تەگكەن بولسامچۇ؟ ماشىنىدا ئولتۇرغان مەن بولاتتىم...» دېگەندەك توختىماي كوتۇلداش، سىلىشتۇرۇشلار ئەرلەردىن قان چىقارما جېنىنى چىقىرىدىغان ئۇسۇللاردۇر.

خوتۇن ئەرنىڭ تايانچىسى، ئۈمىدى، ئىزدىگىنى، ئارزۇ قىلغىنى ۋە ئېرىشكىنى، خوتۇن ئەرنى قىرقىشى، ئۆستۈرۈشى مۇمكىن.

ئەرلەرنىڭ ئەڭ بىزار بولىدىغىنى ئۆزىنى باشقا ئەرلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش. بىزدىمۇ باشقا ئاياللار بىلەن سېلىشتۇرسا قورسىقىمىز كۆپىدىغۇ؟ يېڭى توي قىلغان چاغلىرىمدا بىلىپ ـ بىلمەي ئېرىمغا:

— بىزنىڭ مەكتەپتىكى x x x بەكلا تىرىشچان، مەكتەپ-تىكى ئىشنى قىلىشتىن سىرت، يەنە باشقا ئىشلارنى قىلىپ پۇل تاپىدۇ، سەنمۇ شۇنداق قىلساڭ بولامدۇ؟— دەپتىمەن. ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىز؟

— ئەمىسە بېرىپ شۇنىڭغا تەگ!

نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتىنى يوقىتىپ قويۇ-شى، ھەتتا كۈرەش پۇرسەتلىرىدىن ۋاز كېچىشىنىڭ سەۋەبى ئايالىنىڭ ئۇنىڭ ھەر بىر ئۈمىدى ۋە ئارزۇسىغا سوغۇق سۇ سېپىپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ توختىماي قۇسۇر ئىزدىشى، باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، روھىنى چۈشۈرۈشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت-لىك.

خوتۇننىڭ بۇرچى ئېرىنىڭ غايىسىدىكى كىشى بولۇپ چىقىشقا ياردەملىشىش. ئۇنىڭدىن قۇسۇر تاپماق، ئۇنى ئاراتام پالانى بىلەن سىلىشتۇرماق، شۇنداقلا ئۇنى كۆپ ئىشلىتىشنىڭ ئامالىنى قىلماق. ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايقاشقا ماھىر بولۇڭ، ئۇنى مۇلايىملىق بىلەن رىغبەتلەندۇرۇڭ. ئۇنى ماختاڭ، مەدەت بېرىڭ، يەل بېرىڭ.

**خوتۇنى تەتۈر بولغان ئەركەكنىڭ دوزىخى مۇشۇ دۇنيادا.**

**— زوھۇرىددىن مۇھەممەت بابۇر**

**سەن ئادەم ئىكەنسەن ئۆزگىمۇ ئادەم،**
**كەمچىلىكسىز ئادەم بولماس ھامانەم.**

**— ئابدۇراخمان جامىي**

## 7. قانداقلا جايغا بېرىڭ، چوقۇم ئېرىڭىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇڭ

ئېرىڭىز بەلكىم سىز قىلغان باشقا ھەر قانداق ئىشقا «بىر كۆزىنى ئېچىپ، بىر كۆزىنى قىسىۋېلىش» ھالىتىنى ساقلىشى مۇمكىن. لېكىن پەقەت ھېسسىيات جەھەتتىلا، تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئەرنىڭ ئايالنى كۆزىتىپ، ئىز قوغلاش مەسىلىسىدە ئۇنىڭ كۆزى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك «ئوچۇق» بولىدۇ.

ھەر قانداق ۋاقىتتا قانداقلىكى يەرگە بارماڭ، ھەرگىز ئېرىڭىزگە ئېيتىپ قويمايدىغان، ئېيتىپ قويسىڭىزمۇ ماڭىدىغان شۇ چاغدا ياكى بارىدىغان جايغا بېرىپ بولۇپ، ئاندىن تېلېفون قىلىپ ئۇقتۇرىدىغان ئىشنى قىلماڭ.

ئەگەر خىزمەت ئېھتىياجى ۋە ياكى بەك زۆرۈر ئىش بولمىسىلا ئائىلىۋى كەيپىياتنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى «تېز بېرىپ، تېز قايتىڭ». ئەرلەرنىڭ «ھېچقىسى يوق» دېگەن گېپىگە مەڭگۈ ئىشەنمەڭ، كۆپىنچە ھاللاردا ھېچقىسى يوقتەك كۆرۈنگەن ئىشلار ھامان ئادەمنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا ئورناپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۆيىڭىزدىن يىراقلىشىپ كەتمەڭ. سىرتلاردا تۇرۇپ قالماڭ. خىزمەتداشلىرىڭىز، دوستلىرىڭىزنىڭ ئۆيىدە

قونۇپ قالماڭ، كېچىدە كېلىشتىن، ياكى ئۆيگە قايتماي قېلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ. چۈنكى سىز ئەرنى ئالمىدىڭىز، بەلكى ئەرگە تەگدىڭىز. سىز ئېرىڭىزنىڭ ھوقۇقىغا، ئەرلىك غۇرۇرىغا ھۆرمەت قىلىشىڭىز، ئۆز بېشىمچىلىق قىلماسلىقىڭىز كېرەك. بۇمۇ نىكاھنى مۇستەھكەملەشتىكى مۇھىم بىر ئىش.

**ئايال كىشىنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى تۇنجى دەرسى: ئۆزىنىڭ ئاياللار جىنسىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت.**

**— چارلىس روب**

**خورلۇق ئىزدىمىسەڭ ئەزىزىم ئەسلا،**
**ناباب ئىشلارنى ئەيلىمە بەرپا.**

**— ناسىر خىسراۋ**

## 8 . خىزمەتتە يولۇققان قىيىنچىلىقلىرىڭىزنى ياخشى ھەل قىلىڭ ، ئۆيگە سۆرەپ كىرمەڭ

بىر چۈمۈلە بىر چوڭ پىلنى يىقىتىۋېتەلەيدۇ، نۇرغۇن ئاياللار دائىم بىر تال چۈمۈلىنىڭ ئالدىدا ئىلاجسىز قېلىپ، ھودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ، سىزمۇ شۇنداقمۇ؟

ئەرلەر ئاشۇنداق، كۆڭلىدە كۈچلۈك ئاياللارنى رەت قىلىدىيۇ، تۇرمۇشتا بولسا قويىدەك يۇۋاش ـ يۇمشاق ئاياللاردىن بىزار. قارىماققا قابىلىيەتلىك ئاياللارنى چەتكە قاققاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆز ئايالىنىڭ قابىلىيەتلىك بولۇشىنى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا نام ـ شۆھرەت قازىنىشىنى، باشقىلارنىڭ ئۆز ئايالىنى ماختىشىنى، ئايالىنىڭ «كەم ـ كۈتسىز» بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. گەرچە ئۆز خوتۇنىنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە چىن كۆڭلىدىن قابىلىيەتلىك ئايالىدىن پەخىرلىنىدۇ.

ئەگەر ھەدېسە خىزمەت ئورنىڭىزدىكى بىرەرسىدىن قانداق ئازار يېگەنلىكىڭىز، بىرەر ئىشنى قاملاشتۇرۇپ قىلالمىغانلىقىڭىز... قاتارلىق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى ئۆيگە كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئېرىڭىزگە توختىماي دەرد تۆكسىڭىز، ھەر دائىم

ئاھ ئۇرۇپ، ئازابلىنىپلا يۈرسىڭىز، كەيپىياتىڭىز دائىم چۈشكۈن ھالەتتە تۇرسا، ئۆزىڭىزنىلا ئەمەس، ئىرىڭىزنىمۇ چۈشكەنلەشتۈرۈۋېتىسىز. خىزمەت ئىرادىسىنى بوشىتىۋېتىسىز، بىزار قىلىۋېتىدىسىز. ئەگەر ئىرىم ئەردەك بولسۇن، ياخشى ئىشلەپ، خىزمەتتە نەتىجە يارىتىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانسۇن دېسىڭىز، دائىم ئاكتىپ روھىي ھالەت بىلەن ياشاڭ، ئوڭۇشسىزلىقلارنى كەيىنگىزگە تاشلىۋېتىپ، ئۆيگە خۇشال - خۇرام قايتىپ كىلىڭ. ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن ئىرىڭىزنى كۈتۈۋېلىڭ، چۈنكى ئەرلەر بىلىملىك، ئەقىل- پاراسەتلىك، ئۆز ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن مۇستەقىل چىقالايدىغان، چىچەن، خۇشخۇي، چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان ئايالنىڭ بولۇشىنى خالايدۇكى، ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان خوتۇندىن بىزار.

**ئەرلەر خۇشاللىق ئاتا قىلالايدىغان، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، جانلىق، تېتىك ئاياللارغا ئامراق، كۆپ بويى دەككە - دۈككىدە يۈرىدىغان ئاياللاردىن بىزار.**

**— چېخوف**

**زېرەك ۋە دانادۇر پەقەت شۇ ئادەم،**
**سەۋر - تاقەت قىلسا ئېغىر دەردتە ھەم.**

**— ئابدۇراخمان جامىي**

## 9. ھەر قانداق خاراكتېردىكى يىغلىشقا بېرىشتىن بۇرۇن، ئېرىڭىزغا چوقۇم ئېنىق ئېيتىپ قويۇڭ.

مەيلى خىزمەتتىكى ئاياللار بولسۇن، ياكى ئۆيدىكى ئاياللار بولسۇن، تۇرلۇك يىغىلىشلاردىن خالىي بولالمايدۇ، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، ساۋاقداشلار يىغىلىشى، قاتار چاي، ھېيت چاي، يوقلاش چېيى، ئۇزىتىش چېيى، ئىدارىدىكى تۇرلۇك شەكىلدىكى يىغىلىشلار... دائىم ئاياللار داخىل بولىدىغان سورۇنلاردۇر. قاتناشماي دېسىڭىز، ئادەمگەرچىلىكى يوق دەۋاتقان، ھەممىسىگە بېرىۋېرەي دېسىڭىز، ئۆيدە ئېرىڭىز ۋە بالىلىرىڭىز نەچچە كۈندە بىر دېگۈدەك ئاچ ياكى يالغۇز قېلىۋاتقان. ئۆيدە ئانا، ئايال كىشى بولمىسا، ئېرىڭىز ۋە بالىلىرىڭىزنىڭ قانچىلىك يالغۇزلۇق ھېس قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟ ئايال كىشى ئىككى كۈنلا ئۆيدە بولمايدىكەن، ئۆيدىن «بوران» ئۇچۇپ كېتىدۇ.

مەن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى كۈنلا ئاشۇنداق يىغىلىشلارنىڭ گېپىنى قىلسام ئېرىم:

— خوتۇن ئالماي بىر چايچىنى ئاپتىمەنمۇ نېمە؟— دەيدۇ. ئايدا بىرەر قېتىم بازارغا چىقىپ قويسام:

— بىزنىڭ خوتۇن «كوچىغا» چىقىپلا كەتتىغۇ،— دەپ تەنە قىلىشتىن يانمايدۇ. گەرچە سۆز قاتتىقراق ئېيتىلغاندەك تۇرسىمۇ، لېكىن ئىچىگە كىرىپ چىقسىڭىز، ئېرىڭىز ۋە بالىلىرىڭىزنىڭ سىز بولمىسىڭىز بولمايدىغانلىقىنى بايقىۋالالايسىز.

شۇڭا، ئەگەر ئىمكان بولسا بەزى زۆرۈر بولمىغان چايلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇڭ. پەقەت بولمىغانلىرىنى بېرىشتىن بۇرۇن، ئېرىڭىزغا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن ماڭسىڭىز، ئۆزىڭىزمۇ خاتىرجەم ئولتۇرالايسىز، ھەم قايتىپ كەلگىنىڭىزدىمۇ جېدەل ـ ماجىرا چىقمايدۇ. كەچتە قايتىپ كەلگەندىمۇ ئەڭ كېچىككەندە ئۈندىن كېيىن قالماڭ. چۈنكى، سىز يەنە ئەتىكى تۇرلۇك ئىشلارغا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن يېتەرلىك ماغدۇر توپلىمىسىڭىز بولمايدۇ ـ دە، ئۇندىن باشقا، يىغىلىشلاردا ئەڭ ياخشىسى هاراق ئىچمەڭ. چۈنكى ئىسلامىيەتتىمۇ مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ئەرلەرگىمۇ، ئاياللارغىمۇ هارام دېيىلگەن.

ئەرلەرنىڭ ھەممىسىلا «كەڭ قورساق» ئەمەس. ئەگەر سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان، ئەرلىك غۇرۇرى بار ئەر بولسىلا، سىزنىڭ تۇرلۇك ئىشلىرىڭىزغا مۇۋاپىق تۇردە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدۇ. سىزنى بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان ئادەم دەپ قارىمىسىلا، ئانچە ـ مۇنچە «باشقۇرۇپ» قويىدۇ.

بارلىق ھەقىقىي ، ئالىيجاناب ئاياللار راست گەپ قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇكى ، ھەرگىز يالغان گەپ قىلمايدۇ ، ئۆز مەبۇدلىرىنىڭ كونتروللىقىدا تۇرۇشنى شەرەپ دەپ بىلىدۇكى ، ئۇلارنىڭ ئىززەت - ئىكرامىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايدۇ .

— بالزاك

شۇنداق ئىشنى قىل كۆتۈرسۇن ھالەت ،
كەلتۈرمىسۇن ساڭا خىجالەت .

— نىزامىي گەنجەۋىي

# 10 . ئېرىڭىزنىڭ ھەۋەسلىرىگە ئورتاقلىشىشنى بىلىۋېلىڭ

ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قىلىدىغان ئىشلىرى بولىدۇ. مەسىلەن: مەن كىتاب ئوقۇشنى، ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى تەرجىمە قىلىشنى، كىنو - تېلېۋىزور كۆرۈشنى، ئۇنى - بۇنى يېزىشنى ياخشى كۆرىمەن؛ ئېرىم بولسا كومپيۇتېر بىلەن ھەپىلىشىشنى، ئۆزى چىقىم تارتسىمۇ باشقىلارنى خۇشال قىلىشنى... ياخشى كۆرىدۇ. گەرچە بەزىدە چىقىمغا چىدىمىساممۇ، ئۇنىڭ كومپيۇتېر بىلەنلا بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئاچچىقىم كەلسىمۇ، لېكىن ئېرىمنىڭ شۇ ئىشلاردىن تاپقان خۇشاللىقى مېنىمۇ تەڭ خۇشال قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ بىزدىن ئىنتايىن رازى بولغانلىقىنى، ئېرىمنى ماختىغانلىقىنى ئاڭلىسام ئىنتايىن سۆيۈنىمەن.

ھەۋەس دېگەن ھەربىر ئادەمنىڭ بىرەر نەرسىگە بولغان قىزىقىشى ھەم مەنىۋى جەھەتتىكى يۆلەنچۈكى

ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشىدا ئورتاق ھەۋەسنىڭ بولۇشى نىكاھ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىشقا، تۇرمۇشنى مول مەزمۇنلۇق قىلىپ، بىر - بىرىگە بولغان مېھرى - مۇھەببەتنى كۈچەيتىشكە ناھايىتى پايدىلىق. باشقىلارنى جەلپ قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى

ئۇسۇلى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇ قىزنىقىدىغان تېمىدا پاراڭلىشىش؛ خوتۇن بولۇشنىڭ بۇرچى نېمە؟ ئېرىنى تېخىمۇ خۇشال قىلىش.

ئەگەر ئېرىڭىز ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى سىز ياخشى كۆرمىسىڭىز، ھەرگىز ئۇنىڭ قىزىقىشىغا سوغۇق سۇ سەپمەڭ. بىز باشتا ئەرلەرنى «ئادەم بالا» دېسەكمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز دەپ ئېيتقان ئىدۇق. باللىرىڭىزنىڭ ئويۇنچۇقىنى تارتىۋالسىڭىز، ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇقلىرىنى ئويناتمىسىڭىز، باللىرىڭىزنىڭ سىزگە قانچىلىك خاپا بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىسىز. ئەلۋەتتە، ئەرلەرمۇ ئۆزى ھەۋەس قىلىدىغان ئىشلارنى ئايالىنىڭ قوللىشىنى، ئورتاقلىشىشىنى ناھايىتى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر بولمىغاندا ئاغزىڭىزدا بولسىمۇ ئۇنى قوللاپ قويسىڭىز، سەبىي قىزلاردەك: «بۇ ئىش راستتىنلا شۇنداق قىزىقارلىقمۇ؟»، «ۋاقتىڭىز چىققاندا ماڭىمۇ ئۆگىتىپ قويۇڭ، بولامدۇ؟» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ قويسىڭىز، ئېرىڭىز چوقۇم ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ، ھەم ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ.

نىكاھنىڭ قاتىلى نامراتلىق ئەمەس، ئەرلەر ياكى ئاياللارنىڭ ناچار مىجەزىمۇ ئەمەس، ئەيدىزنىڭ تەھدىتى ياكى ئۈچىنچى شەخسنىڭ قىستۇرۇلۇۋېلىشىمۇ ئەمەس. بەلكى تۇرمۇشنىڭ زېرىكىشلىك بولغانلىقىدا. ياخشى كۆرۈش بولسا ئەڭ چوڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى. ئېرىڭىزنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا قويۇۋېتىڭ. تۇرمۇشۇڭلارغا مەنە قوشۇلسۇن، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بىر ئايال ھەرگىزمۇ ئەرلەرنى قېتىپ قالغان تۇرمۇش ئىچىدە مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇۋالمايدۇ.

ئائىلىدە مەنىۋى تەڭسىزلىك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئې- رىنىڭ ئىشلىرىغا قىزىقمايدىغان ۋە ئۇنى ئىلھاملاندۇرالايدىغان ئايال، ئېھتىمال ياخشى ياردەمچى، ئىقتىسادچىل، مېھرىبان بو- لۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئۇ بەرىبىر تولۇق ۋە يۈكسەك مەنىدىكى ئاياللىق شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالمايدۇ.

— گېرىتسېن

كىشىنى رەنجىتىش ئاجايىپ ئاسان،
كۆڭلىنى ئالماقلىق بەك جاپا يامان.

— ناسىر خىسراۋ

# 11. ئېرىڭىزگە ئىشىنىڭ ۋە مۇۋاپىق ئەركىنلىك بېرىڭ

ئىشەنچ — مۇۋەپپەقىيەتلىك نىكاھنىڭ يەنە بىر ئاساسىي ئامىلى. ئادەم ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىقتا ئۇزۇن مۇددەت بەرداشلىق بېرەلىسىمۇ، ئەمما روھىي ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى گادايلىقتا ئۇزۇن مەزگىل بەرداشلىق بېرىشكە ئامالسىز. ئادەمنىڭ باشقا ئادەملەرگە بولغان ئېھتىياجى ۋە يۆلىنىۋېلىشى بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ چۈشىنىشى، تەسەۋۋۇر دائىرىمىزدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەگەر ماددىي نەرسىلەر بولمىسا بىز ياشاشقا ئامالسىز قالىمىز؛ ئەگەر روھىي جەھەتتىكى تەسەللىي بولمىسا، بىر كۈن بىزگە بىر يىلدەك تۇيۇلىدۇ. بىر ئىجتىمائىي ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كېيىنكىسى تېخىمۇ مۇھىم. باشقىلارنىڭ بىزگە بولغان ئۈمىدى، ئىشەنچ، دوستلۇقى ۋە ھۆرمىتى بولمىسا، بىز ئۆزىمىز ئېھتىياجلىق بولغان بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئېرىشەلمەيمىز. بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزمۇ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ.

ئىشىنىش دەل بىر خىل ھېسسىيات، ئەرلەرمۇ مانا مۇشۇ ئىشىنىشكە موھتاج. ھېسسىيات تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە. يەنى مۇھەببەتنى، ھەسەتنى، نەپرەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دېمەك، ئىشەنچمۇ ئىشەنچنى كەلتۈرۈپ

چىقىرىشىدا گەپ يوق.

زامانىۋى ئائىلىلەرگە نىسبەتەن بۇ تېخىمۇ مۇھىم. ئەگەر سىز ئېرىڭىزگە ئازراقمۇ ئەركىنلىك بەرمىسىڭىز، ھەممىلا ئىشىدىن گۇمانلانسىڭىز، سوروۇنلارغا بارغىلى قويمىسىڭىز، دوستلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرمىسىڭىز، ئېرىڭىز قانداقمۇ يۈرەكلىك ئىشلىيەلەيدۇ؟ باشقىلار ئالدىدا قانداقمۇ يۈزى بولىدۇ؟ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەر بولۇشىدىن قانداقمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ؟ پىيار-سىپ شۇنداق دېگەن: ياقتۇرماسلىق، خۇدۇك، گۇمان ۋە ھەسەت- ئۆزئارا ئىشەنچ ۋە ھۆرمەتنىڭ كەمچىلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

مۇھەببەت ئۇيۇل تېشى ئۈستىگە قۇرۇلغان نىكاھقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەركىنلىك لەگلەك بولسا، ئىشىنىش لەگلەكنىڭ يىپىدۇر. راست گەپنى قىلغاندا، ئەرلەرنى بەك چىڭ تۇتۇۋالماسلىق لازىم. سازنىڭ تارىنى بەك چىڭىتسۇەتكەندە، ئاسان ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. ئېرىڭىزگە ئىشەنمەي بەك چىڭ يىپىشۇالسىڭىز، ئېرىڭىزنىڭ نەپسى قىسىلىپ قالىدۇ.

شۇڭا، سىز لەگلەكنى قانداق ئۇچۇرۇشنىمۇ، بەك يىراقلاپ كەتكەندە يىپنى ئازراق تارتىپ قويۇشنىمۇ بىلىشىڭىز، ۋاقتى كەلگەندە ئاسماندىكى لەگلەكنى چۈشۈرۈۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىز كېرەك.

**گۈلنى شالاڭ تېرىڭ، يىلتىزلىرى چاپلىشىپ ئاينىيالماي قالمىسۇن، ئېرىڭىزگە چاپلىشىۋالماڭ، خۇشى كېتىپ قالمىسۇن.**

**— گىيۇلۇ**

**ئەقىل سىزنىڭدىن چىقما ھېچقاچان،**
**كۆڭۈلگە دەرد - ئازاب سالار پۇشايمان.**

**— ئۇبۇلقاسىم فىردەۋسى**

## 12. ئىرىگىزدىن ئۆزىگىزنىڭ كۆزقاراش ۋە ھەرىكەتلىرىگىزنى يوشۇرماق، سەمىمىي بولۇڭ

سەمىمىلىك ئادەمنى ئەڭ قايىل قىلىدىغان بىر خىل پىسخىك ساپا. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى — گەپ ـ سۆزى بىردەك بولۇشتىن ئىبارەت. پەقەت بىز سەمىمىلىكتىن ئىبارەت ياخشى بولغان پسىخىك ساپانى يېتىلدۈرەلىسەك ھەمدە قەتئىي داۋاملاشتۇرالىساقلا، چوقۇم باشقىلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە، كۆيۈنۈشىگە، چۈشىنىش ۋە مەدھىيىلىشىگە ئېرىشەلەيمىز.

بىر سەمىمىي ئادەم ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىدۇ، كۆچەيتىدۇ، پەۋقۇلئاددە كەمتەر بولىدۇ، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ، ئىشەنچلىك بولىدۇ، ئۆز كەسپىنى جان تىكىپ ئىشلەيدۇ، ئىزدىنىدۇ.

بەزى ئاياللار ئەرلەرگە ھەممە ئىشىنى، خىياللىرىنى دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق، بولمىسا ئېرىڭىزنىڭ ئالدىدا سىرىي كۆچۈڭنى يوقىتىپ قويىسەن، سىرلىق بولۇۋالساڭ، ئەرلەرنى ئالقىنىڭدا ئوينىتالايسەن، دەيدۇ. مەن دەۋاتقان سەمىمىلىك يېپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە ئېرىڭىزغا دوكلات قىلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. يوشۇرماسلىققا تېگىشلىك بولمىغان ھەرقانداق ئىشنى

يوشۇرماسلىقىڭىزنى كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، سەممىيلىك ئۆزىنىڭ قەلبىگە دۇرۇس مۇئامىلە قىلىشىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېيرىڭىزنىڭ ئالدىدا بىرنى بىر دەڭ، راست گەپ قىلىڭ، ئانچە كەڭ قورساق بولمىغان ئادەممۇ سىزنىڭ سەممىيىتىڭىز، راست سۆزىڭىز ئالدىدا تەسىرلەنمەي قالمايدۇ.

ياخشى ئاياللارغا شۇ نەرسە ئايانكى، دۇنيادا شامال ئۆتمەيدىغان تام يوق، قۇياش نۇرى ئاستىدا مەڭگۈلۈك سىر بولمايدۇ. گۈزەل نىكاھ چوقۇم سۈزۈك، تازا بولۇشى كېرەك. كىمكى نىكاھقا توپا قوندۇرىدىكەن، شۇنىڭ نىكاھىدا تراگېدىيە يۈز بېرىدۇ.

**ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى ئىناقلىقمۇ دوستلۇققا ئوخشايدۇ، ئىككى تەرەپ ھەم سىر ساقلىمايدۇ ھەم ماسلىشىپ ئۆتىدۇ.**

**— ۋۇچى شيالۇشىما**

**ئىككى كىشىدىن سىر يوشۇرما زىنھار،**
**بىرى ياخشى تېۋىپ، بىرى سادىق يار.**

**— پەرىدىددىن ئەتتار**

## 13 . تالاش - تارتىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىڭ

قايسى بىر ئەدىبنىڭ مۇنۇ گېپى يادىمدا: نىكاھ دېگەن ئۈچ كۈن كۆلۈمسىرىۋېلىش، ئۈچ يىل جەڭگى - جېدەل قىلىش، 30 يىل لەۋ چىشلەپ ئۆتۈش.

بەرھەق، قازان چۆمۈچنىڭ بىر - بىرىگە تېگىپ كېتىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. ياخشى نىكاھ ھەرگىزمۇ تىپتىنچ، ئۆلۈك كۆل سۈيى ئەمەس. ئۆي دېگەندە ھامان ئۇنداق ياكى مۇنداق جېدەل - ماجىرالار بولۇپ تۇرىدۇ. يا پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەيمىز ياكى بالا ئارىسىغا كىرىپ قالىمىز ياكى ئۆيدىكى بەزىبىر ئىشلارغا چېچىلىمىز. تالاش - تارتىش قىلىمىز. لېكىن، مۇنداق تالاش - تارتىش ۋاقتىدا، مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىنمىسا ئىككىلا تەرەپنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولىدۇ، ئېغىرراق بولغاندا بۇتناش، قېيداش، يامانلاپ كېتىش ياكى ئۆيدىكى نەرسىلەرنى چېقىش، ئاخىرقى ھېسابتا نىكاھقا دەز كېتىش بىلەن ئاياغلىشىدۇ. روھىيىتى ساغلام بولغان كىشىلەر تالاش - تارتىش بىلەن نىكاھقا دەز كېتىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ.

«تالاغا چىققاندا ھاۋارايىغا باق، ئۆيگە كىرگەندە چىرايىغا» دېگىنىدەك، ئەگەر ئېرىڭىزنىڭ كەيپىياتى تازا ياخشى بولمىسا،

بىر ئېغىز گەپتىن قېلىك، بامەسلىھەت ئىش قىلىك، گەپنى بۇيرۇق ئاھاڭدا، ۋارقىراش ـ جارقىراش بىلەن ئەمەس، سىلىق ئاھاڭدا دېسىڭىز، زىددىيەت يوغىناپ كەتمەيدۇ، ئۇن نەچچە يىللىق نىكاھ تۇرمۇشۇمدا ئېرىمنى تەسىرلەندۈرۈپ كەلگەن بىر ئالاھىدىلىكىم قۇلىقىمنىڭ يۇمشاقلىقى، ئىنچىكە تۇردە جېدەل چىقىش ئېھتىماللىقى بولغان تالاش ـ تارتىشلاردا دەررۇ چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىم.

تالاش ـ تارتىشلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش بىر سەنئەت، ئانچە ـ مۇنچە تالاش ـ تارتىشلار بىر خىل تاتلىق ھېسسىيات، كەيپىياتنى يۇشتىۋلىشتىن ئىبارەت. لېكىن تالاش ـ تارتىش جەريانىدا ئاغزىڭىزدىن ھەرگىز دىلنى ئاغرىتىدىغان گەپلەر چىقىپ كەتمىسۇن. مەسلەن: «سەن ئاشۇنچىلىك بولالمايسەن»، «ساڭا تېگىپ كۆزۈم قارىغۇ بولۇپ قاپتىكەن»، «مەن نېمىدېگەن شور پېشانە»، «بۇ ئۆمرۈمدە ساڭا تېگىپ خوۋلۇق كۆرۈپ باقمىدىم...» دېگەندەك، ئۇنىڭدىن باشقا تالاش ـ تارتىش چېكىگە يەتكەندە، ئىدراكىڭىزنى يوقىتىدىغان، پۇت ـ قولىڭىزنى ئىشقا سالىدىغان ئىشلارنى قىلماڭ. ئۇرۇشمىسىڭىزمۇ ئۆيدە «پىپىق قازان پىپىق» پېتى تۇگىتىڭ. بەزى خوتۇنلارنىڭ كوچىغا چىقىپ ئېرىنى تىللاۋاتقانلىقىنى، پۇتۇن خەلقئالەمگە ئېرىنى سازايى قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ تولىمۇ نومۇسسىز ئىش. تالاش ـ تارتىشتىن كېيىن ئۇنتۇپ كېتىشنى، قايتا تىلغا ئالماسلىقنى بىلىشىڭىز ھەم مۇشۇ قېتىمقى تالاش ـ تارتىشتىن ئۆزىڭىزنى تونۇۋېلىشىڭىز كېرەك.

شۇڭا، ئەگەر چوڭ جەھەتتە غۇرۇرىڭىز دەپسەندە قىلىنمايدىغانلا ئىش بولسا، سىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭدىن ئۆزد-

گىزنى تارتسىگىز بولىدۇ. چۈنكى «دۈشمەن» سىز ئۆزىگىز
ياخشى كۆرىدىغان ئەر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازراق قۇربان بەرسىگىز
مېنىڭچە ئەرزىيدۇ. ناۋادا جەڭگى ـ جېدەل، تالاش ـ تارتىشتا
يېڭىۋالسىگىزمۇ سىزگە ھېچقانداق پايدىسى يوق، ئېرىڭىزنىڭ
قەلبىدە بىر تۈگۈن بولۇپ قالىدۇ، خالاس. بۇنداق تۈگۈن
چوڭىيىۋەرسە، ئاخىر چوقۇم يارا ئېغىز ئالغاندەك بىر يەردىن
پارتلاپ چىقىدۇ. ئۇ چاغدا سىز جەڭنى ئاياغلاشتۇرۇشنى ئويلى-
سىگىز، ئالالىغاچان كېچىككەن بولىسىز.

**ئائىلىۋى مەسىلىلەردە ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ئىناقلىق ۋە كېچىشىش ئىش كۆرۈش بولمىسا، بۇنداق ئائىلە ئازاب ۋە مۇشەققەت ئۇۋىسىغا ئايلىنىدۇ، بۇنداق ئائىلىدىن لەززەت كېتىدۇ، راھەت يوقىلىدۇ، بالىلارنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلىدۇ، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىلەردە ئۇرۇش ـ جېدەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئايالى- رىمىزنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.**

**— ئالىمەت ئۇل بەنات**

**تار ئۆتۈكتىن ساز يۈرۈش يالىڭاياغ،**
**ئۆيدە غوۋغا بولسا، غۇربەت ياخشىراق.**

**— جالالىددىن رۇمى**

## 14. ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشىدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا ئېتىبار بىلەن قاراڭ

مېھىر ـ مۇھەببەت — سەن رەخت توقۇساڭ، مەن ئېتىزدا ئىشلەي، مەن سۇ ئەكەلسەم سەن سۇغار، مەن دەرەخ تىكسەم سەن ئوغۇتلا، سەن ناخشا ئېيتساڭ مەن ساز چالاي، دېگەندىن ئىبارەت. تۇرمۇشتا كىچىك ئىش بولمايدۇ، بارلىق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار تۇرمۇش چوڭ مىلودىيىسىدىكى بىر نوتىدۇر.

تارماق ئېقىنلار بولمىسا، دەريا بولمايدۇ؛ تىيىن بولمىسا باي بولغىلى بولمايدۇ. نىكاھتىن ئاجرىشىۋاتقانلارنىڭ ئاجرىشىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب مۇشۇنداق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار ئىكەن. ئاڭلىسىڭىز، توۋا شۇ ئىشقىمۇ ئاجرىشىپ كېتەمدۇ كىشى دەيسىز. بىراق، ئەمەلىيەت ئەنە شۇنداق ئۇششاق ئىشلاردىن باشلىنىدۇ.

ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار نېمىلەرنى كۆرسىتىدۇ؟

ئېرىڭىز مىجەزىم يوق دېگەندە كۆڭۈل بۆلۈپ قويدىڭىزمۇ؟ قېيناتا، قېينانىڭىز، ئېرىڭىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆيىڭىزگە كەلگەندە ياخشى مۇئامىلە، قىزغىن كەيپىيات، كەڭ داستىخان بىلەن كۈتۈۋالدىڭىزمۇ؟ ئېرىڭىز ئۇستىدىن ھەدەپ ئاتا ـ ئانىڭىزغا شىكايەت قىلدىڭىزمۇ؟ كەچكىچە

ئويۇن ـ تاماشا، چاي، مەشرەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئەر، بالا، ئۆيىنى تاشلىۋەتتىڭىزمۇ؟ ئېرىڭىز ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەندە، بىرەر قېتىم دۇمبىسىنى تۇتۇپ قويدىڭىزمۇ؟ ئۆيىنىڭ رەتلىك، پاكىز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدىڭىزمۇ؟ ئېرىڭىزنىڭ ۋە بالىلىرىڭىزنىڭ كىيىم ـ كېچەكىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يۇيۇپ، دەزماللاپ بەردىڭىزمۇ؟ ئۆيدە ئۆزىڭىزنى تۈزەشتۈرۈپ يۈرەمسىز؟... ئېيتىپ كەلسە بۇنداق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار ئىنتايىن كۆپ، مۇشۇنداق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار توپلىنىپ، ئاندىن بىر ئائىلىنى تەشكىل قىلىدۇ.

مەن 22 يېشىمدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئىككى ئايدىن كېيىنلا توي قىلدىم. ئەزەلدىن كىتاب ئوقۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ كېلىۋاتقان مەندەك بىر قىزغا نىسبەتەن، ئائىلىنىڭ ئاشۇنداق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش ھەقىقەتەن تەسكە چۈشتى. مۇنداق بىر ئىش پەقەت يادىمدىن چىقمايدۇ:

تويىمىزنىڭ ئىككىنچى ئېيىدا ئېرىم بىر كۈنى پەقەت مىجەزى يوقلۇقىنى ئېيتتى. مەن خىيالىمدا ئۇنى مەڭگۈ ئاغرىمايدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ئۇ مەن ئۈچۈن دادا، ئاكا، يولداش، ھەمراھ، دوست ... ئىشقىلىپ تۈرلۈك روللاردىكى بىر ئادەم ئىدى. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ بىر مەزمۇت دەرەخ، مۇنار ئىدى. شۇڭا، ئېرىمنىڭ ئاغرىپ قالدىم دېگەن گېپىگە ئىنتايىن كۈلگۈم كېلىپ:

— سەنمۇ ئاغرىمسەن؟— دەپ سايتىمەن. مۇشۇ بىر ئېغىز گېپىمنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق تېگىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي. كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولغان ھالدا:

— ئەگەر ئاپام بولغان بولسا بۇ چاغقىچە پايپېتەك بولۇپ، تېپىرلاپ كېتەتتى،— دېمەسمۇ، شۇندىلا ئۆزۈمنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم، قاتتىق پۇشايمان قىلدىم.

دېمەك، مۇشۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار بىر ئائىلىنىڭ ماھىرلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىغا تولىمۇ موھتاج. شۇڭا، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى ئاز - ئازدىن پۈتتۈرۈپ، ئېرىڭىزنىمۇ پەيدىنپەي مەڭگۈ ياخشى كۆرۈڭ. مۇشۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار نىكاھىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ.

**ياخشى ئايال ئائىلە ئىشلىرىنى ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرغاندىن سىرت، مېھرىبان ئانا، پەزىلەتلىك ھەمراھ ۋە ياخشى مەھبۇبە بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىسلەتنى يېتىلدۈرۈشى لازىم.**

**— مونتىلەند**

**ئايالى ئەقىللىق، ئېرى ئىش بىلەر،**
**دېمەك بۇ ئائىلە كۈندىن - كۈن گۈللەر.**

**خۇسراۋ دېھلىۋى**

## 15 . ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز ؟

ھاياتلىقتىن ماماتلىققا قەدەر ھايات ـ مامات ئالمىشىپ تۇرىدۇ، تۇرمۇشتىن بىزار بولغان كىشىلەر: «تۇرمۇشنىڭ ھېچ-قانداق قىزىقى يوق» دەيدۇ، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغانلار: «ھايات نېمىدېگەن گۈزەل» دەيدۇ، تۇرمۇشنى تىزگىنلىۋالغان كىشىلەر بولسا: «ياشىدۇق، مۇھەببەتلەشتۇق، تۇرمۇشنىڭ پەيـ-زىنى سۈردۇق» دەيدۇ.

تۇرمۇش — سۆيۈش دېمەكتۇر. ھەقىقىي سۆيگۈگە ئېـ-رىشكەن كىشىلەر ئەلۋەتتە تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدۇ. مۇھەبـ-بەت مەڭگۈلۈك تېما، كىشىلەرنى مەست قىلىدۇ، قوغلىتىدۇ ۋە ئىنتىلدۈرىدۇ. شېكسپىر: «مۇھەببەت — گۈللەرنىڭ دالدىسىـ-دىكى تاتلىق پىچىرلاش ئەمەس، شاپتۇلزارلىقلاردىكى شېرىن ـ شېكەر سۆزلەرمۇ ئەمەس، ئاسان تۆكۈلىدىغان كۆز يېشىمۇ ئەمەس، مەجبۇرىي بويسۇندۇرۇش تېخىمۇ ئەمەس، مۇـ-ھەببەت ئورتاق ئاساسقا قۇرۇلىدىغان ھېسسىيات» دېگەن.

ھەر قانداق بىر ئىنسان مۇھەببەتكە تەشنا. شۇنداقلا ھەقىـ-قىي مۇھەببەتكە ئېرىششكە ھەقلىق. ئۇنداقتا ھەقىقىي مۇھەبـ-بەت دېگەن نېمە؟ ھەقىقى مۇھەببەت — ئاتا قىلىش ۋە كۆڭۈل

بۆلۇش؛ ھەقىقىي مۇھەببەت — ئادەمنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈش ۋە مۇستەقىل قىلىش؛ ھەقىقىي مۇھەببەت — كەڭ قورساقلىق ۋە چۈشىنىش؛ ھەقىقى مۇھەببەت — ھۆرمەت قىلىش؛ ھەقىقىي مۇھەببەت — تۇراقلىق بولۇشتىن ئىبارەت. مانا مۇشۇنداق ھەقىقىي مۇھەببەتلا ئادەمنى چىن دىلىدىن كۆلدۈرىدۇ، خۇشال قىلىدۇ، بەختلىك قىلىدۇ، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ، ئازاب - ئوقۇ-بەتتىمۇ، مۇۋەپپەقىيەتلەردىمۇ بىللە بولۇپ، مۇھەببەت ئاتا قىلىش — بۇ سىلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشۇڭلار ۋە ھايا-تىڭلارنىڭ پۈتكۈل ئەھمىيىتى.

نىكاھ تەگلىمىسىدىكى تەگسىزلىك:

ئاياللار ئەرلەرنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن چىن دىلى-دىن سۆيىدۇ، لېكىن ئەرلەر ئاياللارنى بىپەرۋالىق بىلەن سۆيىدۇ.

**بىرىنى سۆيۈش ئىمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ بەختى ئۈچۈن خۇشال بولۇش، ئۇنى تېخىمۇ خۇشال قىلىش ئۈچۈن قى-لىشقا تېگىشلىك ھەممە ئىشلارنى قىلىش ۋە بۇنىڭدىن خۇشال-لىنىشقا ئېرىشىشتىن دېرەك بېرىدۇ.**

**— چېرنىشىۋىسكى**

**ئىشق بىلەن تىرىك بۇ ئالەم،**
**ئىشق بولمىسا بولماستى ئادەم.**

**— قۇتبى**

## 16 . ئېرىگەنزىنىڭ ئاغزىغا تېتىغۇدەك تاماقلارنى ئېتىپ بېرىڭ

ئەرلەر ئەزەلدىنلا قورساققا ئامراق كېلىدۇ، ئوخشىغان بىر ۋاخ تاماق يەۋالسا ناھايىتى ھۇزۇرلىنىدۇ، مەن كىمدۇر بىرىنىڭ:
— خوتۇنۇمنىڭ تامىقىزە، ئەمما ئالامەت ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ باشقا يېتەرسىزلىكلىرىمۇ بىلىنمەيدۇ،— دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم.

يەنە كىمدۇر بىر ئەر ئۆزىنىڭ ئانچە چىرايلىق بولمىغان ئايالىدىن ئىنتايىن پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېگەن ئىدى:
— ئەمما مەن قانداق ۋاقىتتا ئۆيگە بارسام، ئايالىم تەييار- لىقسىز ھالەتتىمۇ يېرىم سائەتتە تاماقنى ئالدىمغا ئەكىلىپ بولىدۇ ياكى ئۆيگە كىرىشىمگە شىرەگە تاماقنى قويۇپ بولىدۇ.

توغرا، يېيىش - ئىچىش ھاياتلىقنى ساقلاپ قېلىشتىكى مۇھىم ئېھتىياج. ئەگەر قورساق ئاچ بولسا ھېچقانداق ئىش خۇشياقمايدۇ. ئېرىڭىزنىڭ خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىشى، ھېرىپ كەتكەندە هاردۇقىنى چىقىرىشى ئۈچۈن چوقۇم كۆڭۈل قويۇپ بىر ۋاخ ئوخشىغان غىزا تەييارلاش سىزنى تېخىمۇ سۆ- يۈملۈك كۆرسىتىدۇ.

بەزىدە ئەرلەر بەزى سەۋەبلەر بىلەن ۋاقتىدا كېلەلمەيدىغان

ئەھۋاللار بولۇپ قالسا، ھەرگىز قورساق ئىچىپ كەتتى، بولدىلا، ئۇ كەلگىچە ئولتۇرامدىم، دەپ تامىقىڭىزنى يەپ بولۇپ قاراپ ئولتۇرماي، ئەڭ ياخشىسى ئىرىڭىز كەلگەندە بىللە تاماق يەڭ. بۇنداقتا ئىرىڭىز ئىنتىمۇ خۇش بولىدۇ، ئۆزىنى ساقلاپ تۇرىدىغان ئادەم بار دەپ ئويلاپ، ئامال بار تېزراق ئۆيگە قايتىپ كېلىشنى ئويلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئىرىڭىز ئۆيگە كېلىپ تاماقنى يەپ، ھاردۇقى چىقىپ بولغۇچە ھەرگىز جىق سۆزلىمەڭ، چۈنكى «بىر ھارغانغا، بىر ئاچقانغا گەپ قىلما» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟ تازا قورسىقى ئىچىپ كەتكەن ئەرلەر خۇددى ئىچىرقاپ كەتكەن يولۋاسقىلا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەگەر مۇشۇ چاغدا ئۇلاردىن تولا سوئال سوراپ ياكى جىق گەپ قىلىۋەتسىڭىز، شۈبھىسىزكى، ئۆزىڭىزگە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالىسىز.

مۇھەببەت كونىرىغانچە پىشىدۇ، تاماق يېڭى بولسا ئاندىن ئىغىزغا تېتىيدۇ. ئەگەر ئىرىڭىزنىڭ قەلبىنى باشقۇراي دېسىڭىز، پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن ئىرىڭىزنىڭ ئاشقازىنىنى باشقۇرۇڭ.

**يۈزەكى قارىغاندا، بەخت قانداقتۇر مۇتلەق نەرسىدەك كۆرۈنىدۇ، بۇ يۈزەكى ھادىسىلەر نۇرغۇنلىغان ئەخمەقلەرنى بەخت دېگەن نېمە؟ دەپ سوراشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئىنتايىن ئەقىللىق بىر ئايال: «بەخت سەن بولسىكەن دېگەن يەردە» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.**

**— بالزاك**

**چىش بولمىسىمۇ بار يېيىشكە ئىمكان،**
**زور مۇسىبەتتۇر گەر بولمىسا نان.**

**— سەئىدى شىرازى**

## 17 . ئېرىغىزنىڭ كىيىم ـ كېچەكىنىڭ پاكىز ، رەتلىكلىكىگە دىققەت قىلىپ تۇرۇڭ

تەتقىقاتلاردىن ئىسپاتلىنىشىچە، پاكىز، رەتلىك، بەدەنگە يارىشىملىق، سالاپەتلىك، چوڭ سۈپەت كىيىم ـ كېچەك كىشىدە ياخشى تەسىر قالدۇرۇشتىكى مۇھىم ئامىل ئىكەن. ئەرلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى كىيىم ـ كېچەككە ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەيدۇ. بىراق، بۇ ئۇلارنىڭ پاكىز، رەتلىك يۈرۈشنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

ئىسلام دىنىمۇ كىشىلەرنىڭ چىرايلىق كىيىنىشىنى، ياخشى كۆرۈنۈشنى، ئاللاتائالا يارىتىپ بەرگەن زىننەت ۋە كىيىملەردىن پايدىلىنىشنى ھالال قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى تەلەپ قىلـ غان، چىرايلىق ۋە زىننەتلىك كۆرۈنۈشكە كۆڭۈل بۆلۈشتىن بۇرۇن، پاكىزلىققا تېخىمۇ چوڭ ئەھمىيەت بەرگەن. چۈنكى پاكىزلىق ھەرقانداق زىننەت ۋە چىرايلىق كۆرۈنۈشنىڭ ئاساسىـ دۇر.

گەرچە كىيىم ـ كېچەك بىر ئادەمنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى، ئەقىل ـ پاراستى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلىپ بېرىدىغان بىردىنبىر ئامىل بولمىسىمۇ، لېكىن پاكىز، رەتلىك، يارىشىملىق كىيىنگەنلەرنىڭ ئادەمنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغانلىـ

قىنى ھەمدە ھەرقانداق يەردە قارشى ئېلىنىدىغانلىقىنى، ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ.
شۇڭا، ئېرىگىزنىڭ كىيىم ئىشكاپىدا گەرچە ئانچە جىق كىيىم بولمىسىمۇ، لېكىن رەت – رېتى، خىل – خىلى بىلەن ئېسىۋېتىلگەن، دەزماللانغان، ئىچ كىيىم ۋە پايپاقلىرىمۇ ئۆزىگە مۇۋاپىق ئورۇندا پاكىزە تۇرغان بولسا، ئېرىگىزنىڭ ئۆز كۆڭلىدە سىزدىن قانچىلىك سۆيۈنگەنلىكىنى ئېيتمايلا قويۇڭ.
ئېرىگىز ۋە باللىرىگىزنىڭ ياسىنىشى ۋە پاكىز، رەتلىكلىكى ھەم سىزنىڭ ئابرۇيىڭىزغىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇلار ئارقىلىق كىشىلەر سىزگىمۇ باھا بېرىدۇ.
ئۆزى سۆيىدىغان ئايالنىڭ ئالدىدا ئەر كىشى ھامان پەقەت بىر «ئىش ئۇقمايدىغان بالا» خالاس. ئېرىگىزنى مەينەت، رەتسىز دەپ قاقشاشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئۇچۇن كىيىم – كېچەكلىرىنى رەتلىۋەتكىنىڭىز ئەۋزەل.
ئىللىق ئائىلە ئەرلەر ھاياتىنىڭ ئارقا ھويلىسى، ئىنچىكە ئايال ئەرلەر قەلبىنىڭ ماكانى، گۈللەر پەسلىگە قاراپ ئېچىلىدۇ، كۆنلەرمۇ بىر كۈندىن بىر كۈندىن ئۆتىدۇ، ياخشى ئايال ئەرلەرنىڭ كىيىم – كېچەكنىڭ ئۇنىڭ تەييارلىشىغا قاراپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.
ھەربىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرنىڭ كەينىدە ئۇن – تىنسىز تۆھپە قوشۇۋاتقان بىر ئايال بولىدۇ.

**ئاياللار ئائىلە ئىناقلىقىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆز قولىدا تۇتقان بولۇپ، گەپ ئۇنىڭ بۇ ئاچقۇچنى ئىشلىتىشنى بىلىش – بىلمەسلىكىدە.**

– شېكسپىر

بېشىدا چېچى بارلارنىلا ئايال دېمەڭلار،
ئايال شۇدۇر، سىياقىدىن بەلگىلىك.
كىر قىلماس بالىسىنى، ئۆزىنى،
قېشى، كۆزى، قاپىقىدىن بەلگىلىك.

— مەختۇمقۇلى

## 18 . ئېرىڭىزنىڭ بارلىق ئاياغلىرىنى پاكىز سۈرتۈپ ، مايلاپ قويۇڭ

بىر ئەرنىڭ تازىلىققا رىئايە قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىنى ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئايىغىغا قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. نىكاھ بىر كۆنلۈككە ئوخشايدۇ. ئۇ بولسىلا يامغۇردىن پاناھلانغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا تېخىمۇ نۇرغۇن، ئادەتتىكىدەك كۆنلەردە بۇ كۆنلۈك سىلەرگە چەكسىز گۈزەل ھېسسىياتلارنى بېغىشلىيالايدۇ.

سىز ئېرىڭىز ئۈچۈن تەييارلىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ئىشلىتىشكە تېخى ۋاقتى چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن سىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان كۆيۈنۈشىڭىز ئالدىبۇرۇن ئۇنىڭ روھىي ئىرەمبېغىغا ئورۇنلىشىپ بولغانلىقىغا ئىشىنىڭ.

مېنىڭ ئېرىم خىزمەت دېسە، ئۆزىنى ھەددىدىن زىيادە ئۇرۇپ ئىشلەيدىغان كەسپچان ئەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە قول ئاستىدىكىلەرگە چوقۇم ئۈلگە بولۇشۇم كېرەك، دەپ ئويلىغىنى ئۈچۈن، ئەتىگەندە كىيىپ چىقىپ كەتكەن كىيىم ـ كېچەك، ئاياغ ـ پايپاقلىرى يا توپا، يا پاتقاق بولۇپ كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ تاماقلىرىنى يەپ، ئۇخلاشقا ياتقاندا مەن چاندۇرماي چىقىپ ئۇنىڭ پاتقاق بولۇپ كەتكەن ئايىغىنى سۈرتۈپ، مايلاپ پارقىرىتىپ قويىمەن. ئېرىمنىڭ ئەتىسى چىقىپ ئايىغىغا شۇنداق قاراپلا

چىن دىلىدىن سۆيۈنۈپ كېتىدىغانلىقى ماڭا ئايان.

ياخشى ئايال ئەرنىڭ ئايىغىنىڭ پارقىراقلىقىنى ساقلاشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىدۇ، دائىم ئېرىڭىزنىڭ ئايىغىنى سۈرتۈپ تۇرۇڭ!

**بىر چېدىرنى ئون ئەركەك قۇرغان بىلەن، ئۇنى بىر ئايال تۇتالايدۇ.**

**— ئېنگىرسوۋ**

**ئۇلۇغلۇق گەپتە ئەمەس باشتىن ئاياغ،**
**يېرىم ئىشمۇ يۈزچە گەپتىن ياخشىراق.**

**— ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى**

## 19. ھەرگىز ئېرىڭىزنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتمەڭ

قىرى ــ ياش ئەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان ئائىلە گۆھىرى بار:

ئەتىگەندە بىر پىيالە قىزىق چاي؛ تاماقتىن كېيىن بىر تال تاماكا؛ چۈشتە بىر پەس ئۇيقۇ. بىر ئايال ئەگەر ئېرىنىڭ ئالدىدا مېھرىبان ئايال، ياخشى ئانا دېگەن گۈزەل مەدھىيىگە ئېرىشمەكچى بولىدىكەن، بۇنىڭدىكى ئۇدۇل يول — ئەرلەرنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە گۆھىرىنى قوغداشتىن ئىبارەت.

ئىنقىلابىي ئۇستازلار شۇنداق ئېيتىدۇكى، «دەم ئېلىشنى بىلمەيدىغان ئادەم خىزمەت قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ». ئۇستازلارنىڭ سۆزلىرىنى نەزەرىيىۋى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئەڭ ھۇرۇن ئەرنىڭمۇ ياخشى چۈش كۆرۈش سالاھىيىتى بار.

ئۇيقۇسىغا قانمىغان ئادەم دائىم روھى چۈشكۈن، نارازى بولۇپلا يۈرىدۇ، ئەگەر سىز ئېرىڭىزنى خاپا قىلماي دېسىڭىز، ئۇنداقتا ئۇ تازا تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندا، جاھاندەك ئىشىڭىز بولسىمۇ، ئىمكان بار ئۇنى ئويغاتماڭ.

ئەرلەرنىڭ يۈكى يېنىك ئەمەس، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىمۇ ناھايىتى ئېغىر. ھەققىي بىر ئەركەك خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن

ياخشى چىقىشنى، كىشىلەرگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىشنى، ئائىلە ئىقتىسادىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا مەيدىسىنى كېرىپ يۈرىدىغان قىلىشىنى، ئاتا ـ ئانىسى، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنى رازى قىلىشنى، ياخشى نام قالدۇرۇشنى ئويلايدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىدۇ، ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ئىشلار ئەرلەرنى چارچىتىپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئارام ئېلىپ نېرۋىلىرىنى تىنچلاندۇرۇشقا، بېتەرلىك ئۇيقۇغا موھتاج. بۇ ئۇيقۇنى پەقەت ئۆزىنىڭ ئۆيىدىلا ئەڭ خاتىرجەم ئۇخلىيالايدۇ. شۇڭا، ئېرىڭىزگە خاتىرجەم ئۇخلايدىغان پۇرسەت يارىتىپ بېرىڭ.

**ئايال — ھاياتنىڭ بارلىق باسقۇچلىرىدا ئەرنى ئاسرىغۇچى پەرىشتىدۇر. ئايال — نازاكەت ئىگىسى، مۇھەببەت كۈيچىسى، پىدائىيلىق سىمۇولى، ئايال — بەختسىز ھەمدە غەم ـ ئەلەملىك كۆڭۈلەرنىڭ تەسەللىچىسى، ئەرنىڭ خۇشاللىقى ۋە پەخرى.**

**— بېلىنسكى**

**يار شۇدۇر كۆنسە گەر يار جاپاسىغا،**
**ئارزۇسىنى كۆندۈرسە يار رىزاسىغا.**

**— سەئدى شىرازى**

## 20. ئىرىگىز مۇزلاپ كەتكەندە ئىسسىقلىق ئاتا قىلىڭ

ئۇيغۇر خەلقىدە مۇنداق ماقال بار: «خوتۇن قانىتى ئەر، ئەر قانىتى ئات». ئەرلىرىمىز بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى يۆلەنچۈكىمىز، ئەرلەر بولسا بىزنىڭ كۆڭلىمىز توق، ئۆزىمىزنى بىخەتەر ھېس قىلىمىز. بالىلىرىمىزمۇ دادىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزىنى خاتىرجەم، بەختلىك ھېس قىلىدۇ، قورقمايدۇ. نۇرغۇن ئاياللارنىڭ ئاغزىدىن شۇنداق ئورتاق بىر گەپنى ئاڭلىدىم (ئۆزۈممۇ شۇنىڭ ئىچىدە): ئەرلەر بولمىسا، ئادەمنىڭ تاماق ئەتكۈسىمۇ كەلمەيدۇ.

دېمەك، ئەر كىشى ئۆيىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، ئائىلە — ئەرنىڭ بەخت يېغى، ئەر — مۇقەددەس قەلب ئۆيىدۇر. ئايال روھىيىتىنى ئەر قەلبىدە ئىپتىخار سېزىدۇ. ئايالنىڭ ھەر كۈنى قارايدىغىنى ئەينەكلا ئەمەس، بەلكى ئەرنىڭ قەلبىدىكى ئۆز شەكلى، ئوبرازى ۋە باھالىشى.

ئەر ئائىلە، خوتۇن، پەرزەنتىنىڭ غەمگۇزارى. «ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ ياخشى» دېگەن تەمسىل مېنىڭچە ئەرلەرنىڭ بىزنىڭ ھاياتىمىزدا تۇتىدىغان ئورنىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا، مۇشۇنداق مۇھىم بىر ئادەمنى خۇشال

ۋە بەختلىك قىلىش ئايال كىشىنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتىدۇر.

سىرتتا مۇزلاپ كەتكەن كىشى تەقەززالىق بىلەن ئۆيگە قاراپ چاپىدۇ، چۈنكى ئۆيدە ئۇنىڭ ئىللىق چىرايى بىلەن كۈتۈۋالىدىغان، مۇزلاپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئىسسىتىپ قويىدىغان ئايالى بار. ئەرلەر ئۈچۈن بۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر بەخت. قايسى بىر ئەر بۇنداق ئىسسىق چىرايغا قاراشنى خالىمايدۇ؟ قايسى بىر ئەر مۇشۇنداق ئىللىق ئائىلىسىنى تاشلاپ قويۇپ، باشقا جايلاردىن ئىللىقلىق ئىزدەشنى خالايدۇ؟

**جاھاننى قىزىۋەتسىڭىزمۇ خوتۇن كىشىنىڭ كۆلۈپ ئالدىڭىزغا چىققىنىدىنمۇ بۆلەك ھاياتنىڭ شەربىتى يوق.**

**— ۋىللىس**

**كۆلەر يۈز، شىرىن سۆزگە ئەر ئىسسىنۇر،**
**ئىسسىنسا بۇ ئىنسان ئەسىر، قۇل بولۇر.**

**— يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

## 21. ئېرىڭىزگە ياردەملىشىپ، بارلىق مەخپىي نومۇرلارنى ئېسىڭىزدە تۇتۇۋېلىڭ

ئۇلۇغ ئەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنتۇغاقلىقتەك ئۇششاق ـ چۈششەك ئىللەتلەر بولىدۇ، ئىشتىنىنىڭ ئىچىنى يىرتىلىپ كېتىشتەك «چوڭ ئىشلار» دىن باشقا، بارلىق ئادەتتىكى ئۇششاق ئىللەتلەر بىر ھەقىقىي ئەركەك ئۈچۈن ھېچقانچە ئىللەت ئەمەسمىش.

شۇڭا، ئەرلەر ئۈچۈن مائاش كارتىسى، IP كارتىسى، خاتىرە كومپيۇتېرى، ماشىنا ئاچقۇچى، تور خەت ساندۇقى قاتارلىقلارنىڭ مەخپىي نومۇرىنى ئېسىدە تۇتالماسلىقى خىجىل بولغۇدەك ئىش ئەمەس، ئۇلار پەقەت ئۆيىنىڭ ئىشىك نومۇرىنى ئېسىدە تۇتۇۋالسىلا بولىدۇ.

**مەن ئۆز ئەقىل ـ پاراسىتىنى نامايان قىلىدىغان بىر ئايال يوتىسىنى ئېچىپ يۈرىدىغان ئايالدىن تېخىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر دەپ قارايمەن.**

**— ھىنفور**

**ئەقىلغە تايىنىپ ئىش قىلسا پەقەت،**
**ئەقدىر يۇلتۇزىدىن ئالماس پەقەت.**

**— ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى**

# 22. ئېرىڭىزنىڭ باشقىلار ئالدىدا ئابرۇيى بولسۇن دېسىڭىز، پۇل خەجلەش ئەركىنلىكى بېرىڭ

ئەتراپقا شۇنداق سەپ سالىدىغان بولسىڭىز، كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان، دائىم كەمسىتىلىدىغان ئەرلەر دەل پىخسىق ياكى «خوتۇندىن قورقىدۇ» غان ئەرلەردۇر. بەزى ئەرلەر كىچىكىدە ئالغان تەربىيىسىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى ئىرسىيەت سەۋەبىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئىنتايىن بېخىل بولۇپ، ھەرقانداق چاغدا ئۇ يۈزىنى «قېلىن» قىلىپ خەقتىن پۇل سورىسا سورايدۇكى، لېكىن باشقىلارغا بىر تىيىنلىق پايدىسى تەگمەيدۇ؛ خەقنىڭكىنى يېسە يەيدۇكى، لېكىن باشقىلارغا بىر تىيىنلىق پايدىسى تەگمەيدۇ. خەقنىڭكىنى يېسە يەيدۇكى، ھەرگىز باشقىلارغا پۇل خەجلىمەيدۇ. مۇشۇنداق بېخىللىقى سەۋەبىدىن كىشىلەر ئالدىدا ئىناۋىتى بولمايدۇ. يەنە بەزى ئەرلەر خوتۇنىنىڭ ئىقتىسادنى ھەددىدىن زىيادە كونترول قىلىۋېلىشى سەۋەبىدىن كۈندىلىك خىراجىتىنى ئايالىدىن ئېلىپ خەجلەيدۇ. ھەرقانداق چاغدا خوتۇنىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالمايدۇ، «خوتۇندىن قورقىدۇ» غان بۇنداق ئەرلەرنىڭ كىشىلەر ئالدىدا تېخىمۇ ئابرۇيى بولمايدۇ.

«پۇل كەتسە كەتسۇن، يۈز كەتمىسۇن» دەيدىغان گەپ

بار. جەمئىيەتتە ياشىغان ئىكەنمىز ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بولىدۇ. بىر تىيىننىڭ تۆشۈكىدىن نەچچە قېتىم ئۆتۈپ، پۇل يىغىپ باي بولسىڭىزمۇ، كىشىنىڭ ئالدىدا تىيىنلىق ئىناۋىتىڭىز بولمىسا بۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، پىخسىقلىق ئاياللارغا ياراشقان بىلەن ئەرلەرگە ياراشمايدۇ.

«ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن»، پۇلنى دەپ ئېرىڭىزنى ئەركەك دېگەن نامدىن مەھرۇم قالدۇرماڭ. ئىقتىسادنى باشقۇرۇڭ، لېكىن خوجايىنلىق ھوقۇقىنى ئېرىڭىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىڭ. بەك بەتخەجلىك قىلمىسىلا، پۇل خەجلەش ئەركىنلىكىنى بوغۇپ قويماڭ.

**مەيلى ئەرلەر ۋە ئاياللار بولسۇن نام - ئابرۇي ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئەڭ خۇسۇسىي گۆھەردۇر. كىمكى پورتمىلىمنى ئوغرىلىسا، ناھايىتى كەتسە بىر توپ كېرەكسىز نەرسىلىرىمنى، تۇتامى يوق نەرسىلىرىمنى، مېنىڭ قولۇمدىن ئۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان، شۇنداقلا تۈمەنلىگەن ئادەملەرنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالغان نەرسىلىرىمنى ئوغرىلىغان بولىدۇ. لېكىن كىمكى نام - ئابرۇيۇمنى ئوغرىلاپ كەتسە، گەرچە بۇنىڭ بىلەن ئۇ باي بولۇپ كەتمىسىمۇ، ئەمما مەن ئۇنى يوقىتىپ قويغانلىقىم تۈپەيلىدىن گادايلىشىپ كېتىمەن.**

**— شېكسپىر**

**ھېچكىمگە نەپ بەرمىگەن ناكەسنى قويغىن ئەسلىمەي،**
**مال يىغىش بىلەن ئاۋارە بولدىيۇ كەتتى يېمەي.**

**— سەئدى شىرازى**

## 23. تاشقى قىياپەت گۈزەللىكىڭىزنى چوقۇم ساقلاپ قىلىڭ

ئاياللارنىڭ ئىككى خىل نۇسخىسى بولىدۇ. ئەسلى نۇسخى-سى ۋە ئادەتتىكى نۇسخىسى. ئالدىنقىسى كەسپىي سورۇنلار ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدا باشقىلارغا كۆرسىتىلىدۇ، چىراي-لىق ھەم قويۇق پەرداز قىلىنغان، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ؛ كېيىنكىسى ئۆيدە ئېرىگە كۆرسىتىلىدۇ، ئەر پەقەت خوتۇنىنىڭ ئادەتتىكى نۇسخىسىنىلا كۆرەلەيدۇ، نېمشقا ئېرىڭىزگە ئەسلى نۇسخىڭىزنى كۆرسىتىپ باقمايسىز؟ گەرچە خۇدا سىزنىڭ چىرا-يىڭىزنى ئەمدى ئۆزگەرتمىسىمۇ، بىراق سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىپادى-ڭىزنى ئۆزگەرتسىڭىز بولىدىغۇ.

«ئاناڭنى داداڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە». دىمەكچىكى، ھەرقانداق بىر ئەر مەيلى ئۇ قېرى ياكى ياش بولسۇن چىرايلىق ئاياللارغا ئامراق بولىدۇ ھەمدە چىرايلىق خوتۇنى بولۇشىنىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. گۈزەللىكنى سۆيۈش ئىنسانىنىڭ تۇغما خۇسۇسىيد-تى. گەرچە چىن قەلب گۈزەللىكى تاشقى گۈزەللىكتىن مۇھىم ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن ئەگەر ئىمكانىيىتىڭىز يار بەرسە، ئۆزد-ڭىزنىڭ سىرتقى قىياپىتىڭىز، كىيىم ــ كېچەكلىرىڭىزگە دىققەت قىلىشىڭىز ناھايىتىمۇ زۆرۈر. چۈنكى سىرتتا ئېرىڭىزنىڭ كۆزگە

كۆرۈنىدىغىنى بىر ـ بىرىدىن ئۆتە ياسىنىشىپ، گىرىم قىلىۋې-لىشقان ئاياللار، ئۇلار يىراقتىن ئېرىگىزنىڭ كۆزىگە خۇددى پەرىزاتتەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن. ئەگەر ئۆيدە چاچلىرى چۇۋۇق، چىرايلىرى نۇرسىز، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ چارچاپ بولالماي قالغان، ساڭگۇل ـ سۇڭگۇل ئايالنى كۆرسە، قانداق ھېسسىياتقا كېلىپ قالار؟

شۇڭا، ئۆي ئىشلىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بىللە يەنە ئۆيدىمۇ، تالادىمۇ ئېرىگىزنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنۈشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

كىيىم ـ كېچەكنى يېشىڭىز، سالاھىيىتىڭىز، رەڭگىڭىز، بەدەن شەكلىڭىز، سورۇنغا قاراپ كىيىشنى بىلىۋېلىشىڭىز تېخىمۇ مۇھىم. بەزى يېشى 40 تىن ئاشقان سېمىز ئاياللارنىڭ تار، لىققىدە چاپلىشىپ تۇرىدىغان ياكى كەڭلىكىدىن تېخىمۇ سېمىز كۆرسىتىۋېتىدىغان ئىشتانلارنى كىيىپ، سومكىسىنى كاسىسىدا پالاق ـ پالاق قىلىپ ئېسىپ كېتىۋاتقانلىقىنى پات ـ پات ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

كىيىم ـ كېچەك تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىچە، تۆۋەندە ئېيتىلغانلارغا دىققەت قىلالىغان ئاياللار تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈ-نىدىكەن.

بويىڭىز ئېگىز، ئورۇق بولسا رەڭگىڭىزگە قاراپ كىيىم تاللاڭ. ئاق بولسىڭىز قېنىقراق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىڭ. بەك ئورۇق بولسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى قارا رەڭلىك، تىك يوللۇق كىيىملەرنى كىيمەڭ. توغرا يوللۇق چاقماق كىيىملەرنى كىيسە-ڭىز بولىدۇ.

سېمىز بولسىڭىز تىك يوللۇق، قارا، كەرىشنىۋاي، توق

رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىڭ. بويىڭىز قىسقا بولسا ئەڭ ياخشىسى ئۆرە ياقىلىق كىيىملەرنى كىيمەستىن، سەل بويىڭىز كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىڭ. چوڭ چاقماقلىق رەختلەرنى كىيىشتىن ساقلىنىڭ. رەڭگارەڭ رەختلەرنى كىيىۋالماڭ. ئەڭ ياخشىسى، بىر ياكى ئىككى خىل رەڭ ماسلاشتۇرۇلغان كىيىم كىيىڭ. كىيىمىڭىزنىڭ رەڭگى ئۈچ خىلدىن ئېشىپ كەتمىسۇن، يۇملاق كەلگەن زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىماڭ.

ھەم سىمىز، ھەم پاكارراقلار چاچ پوسۇنىغا دىققەت قىلىش، ئامال بار قىسقا چاچ قويۇش ياكى ئېگىز بوغۇۋېلىش، بانتىلىۋېلىش كېرەك.

پايپىقىڭىزنىڭ رەڭگى كىيىمىڭىزنىڭ رەڭگىدىن قېنىق بولسۇن، يەنى قېنىق، قوڭۇر، قارا، سۇررەڭ، قارامتۇل، كەرىشناۋاي پايپاقلارنى كىيىڭ. بۇنىڭدا پاچىقىڭىز ئىنچىكىرەك كۆرۈنىدۇ. ئەگەر پاچىقىڭىز بەك توم ياكى مايماق بولسا ئەڭ ياخشىسى قىسقا يوپكا كىيمەي، ئۇزۇن يوپكا ياكى كۆينەك كىيىۋېلىڭ. ئاستى كىيىمىڭىزنىڭ رەختى چوقۇم ئۈستى كىيىمىڭىزنىڭ رەختىدىن قېلىن ھەم ئېغىرراق بولسۇن.

**ھەددىدىن ئارتۇق ياسىنىپ تارىنىش دەرۋەقە توغرا ئەمەس، پۈتۈنلەي ياسانماسلىق، تارانماسلىق تۇرمۇشنىڭ خاھىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ خۇش قىلالايدىغان ئاياللار قانداق ياسىنىپ تارىنىشنى ئوبدان بىلىدۇ.**

**— ف. باكون**

**گۈزەل يۈزنى كۆرگەن كىشى خۇشلىنۇر،**
**كۆڭۈل ئېچىلۇر ھەم جان زوقلىنۇر.**

**— يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

## 24. ئېرىڭىزگە كۆندە بىر قېتىم تېلېفون ئۇرۇپ تۇرۇڭ

ئېرىڭىز بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرۇش، ھەرقانداق چاغدا تولىمۇ مۇھىم. بارلىق ئەرلەر خوتۇنلىرى ئەۋەتكەن قىسقا ئۇچۇرلارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ ـ يۇ، ئەمما خوتۇنىغا ئۇچۇر يوللاشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ سىز ئىنتايىن رومانتىك، يۇمۇرىستىك، ئېرىڭىزنىڭ مىجەزىگە باب كېلىدىغان ئۇچۇرلارنى يوللاپ تۇرسىڭىز، ئېرىڭىز چارچىغان ۋاقتىدا بىر قېتىم كۈلۈۋېلىشى، مېڭىسىنى ئارام ئالدۇرۇۋېلىشى ۋە سىزنى ئەسلىشىگە پايدىلىق.

تېلېفون ئۇرۇپ قالسىڭىز، تېلېفوندا ئېرىڭىزنى ھەرگىز ئەيىبلىمەڭ. ناۋادا سىز ئۇرغان تېلېفون ئېلىنماي قالسا، سىز يوللىغان ئۇچۇرغا ھېچقانداق ئىنكاس بولمىسا، ھەرگىز قالايمىقان ئويلاردا بولماڭ. ئېرىڭىز چوقۇم ئالدىراش ياكى بولمىسا تېلېفوننى ئاڭلىماي قالغان گەپ. مۇشۇنداق ئويدا بولسىڭىز تېخىمۇ راھەت ھېس قىلمامسىز؟

ئوقۇشنىڭ بېشى ھەرپ، ھەرپنىڭ بېشى «ئېلىپ»،
خوتۇن قەدرىنى بىلمىگەنلەر، ئاخىر بولار غېرىب.
ئۇ ئەگەر «ئادەم» بولسىلا سىزنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقانلىرد-

گەزنى چۈشىنىدۇ، كەڭ قورساقلىقىڭىزدىن تەسىرلىنىدۇ، سىزنى بارلىقى دەپ بىلىدۇ.

ئەقىللىق ئاياللار شۇنى بىلىشى كېرەككى، سۆيگۈ يالقۇنىنى مەڭگۈ يالقۇنجىتىپ تۇرۇشنىڭ بىردىنبىر سىرى مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئەپچىل چارىدىن ئىبارەت:

مۇھەببەتلىك شەكىلدە ئالاقىلىشىش، ئەيىبلىمەستىن كەڭ قورساقلىق قىلىش، تەلەپ قىلىۋەرمەستىن غەمخورلۇق قىلىش.

**ئاۋازلار ئىچىدە ئەڭ يېقىملىقى سۆيگۈنۈڭنىڭ ئاۋازى.**
**— لابىر يورېر**

**سۆزلىسەڭ ياخشى سۆز دېگىن بۇرادەر،**
**شېرىن سۆز پايدىدۇر، بى كۈمۈش بى زەر.**
**— ناسىر خىسراۋ**

## 25 . ئېرىخىزنىڭ ئاتىلىق غورۇرىنى ھۆرمەت قىلىڭ

ئاتا — نوقۇل يىگىتلىكتىن ئائىلىلىك بولۇپ، پەرزەنت دىدارى كۆرۈش بولماستىن، ئۇ يۈكسەك ئاڭ ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان كەڭ مەنىدىكى ئىبارە. دەرۋەقە، پەرزەنت تېپىش، پەرزەنتكە ئاتا بولۇش قىيىن ئەمەس، ئەمما پەرزەنتكە ئاتىلىق قىلماق قىيىن.

ياخشى ئاتا بولۇش ئۈچۈن ياخشى ئەر بولۇش شەرت. ياخشى ئەر بولۇش ئۈچۈن ئەركەك، ياخشى ئىنسان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، ھەممە ئەركەكلەر ئۇلار ئارزۇ قىلـ-غاندەك ياخشى ئەر ۋە ياخشى ئاتا بولۇشى ناتايىن.

ئېيتىش كېرەككى، ياخشى ئەر بولۇش، ئەر جىنسنىڭ ياش، تەمبەل، كېلىشكەن بولۇشىنى ياكى قەھرى - غەزەپلىك، ئىتتىك ۋە ھەرىكەتچان بولۇشىنى ۋە ياكى قول ئىلكى ئۇزۇن، كەڭ خىراجەت بولۇشىنى ياكى سۆزمەن، ئۇيۇنپەز، زېرىكتۈر-مەس بولۇشىنى ئاساسىي شەرت قىلمايدۇ. ياخشى ئەر بولۇش ئائىلىدە خوتۇنغا نىسبەتەن، ئائىلە ئىچى - سىرتىدىكى ئەرلىك زۆرۈرىيەتلىرىگە نىسبەتەن يۇقىرى ئاڭ، قىزغىنلىق، مەجبۇرىيەت ۋە ئۈنۈملۈك ئەر ئوبرازىغا مۇۋاپىق بولۇش دېمەكتۇر.

ئاتا بولۇش، ئاتىدەك ئىناۋەتلىك ئۇنۋانغا ئىگە بولۇش ئەرنىڭ ئارزۇسى ۋە بەختى.

دېمەك، ئايال ئۆز ئېرى مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي-نەزەر، ھەتتا بىر كارغا كەلمەس ئەر بولسىمۇ، بالا ئالدىدا ئۆز ئېرىنى تىللىماسلىقى، دادا بالىسىغا تەربىيە ئىشلەۋاتقاندا ئارىغا كىرمەسلىكى، بالىنى تىللىغاندا «داداڭدەك يارىماس نەرسە بوپ-سەن» دەپ ئېرىگە ھاقارەت قىلماسلىقى كېرەك. ئەرنىڭ ئەڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان گەپ دەل مۇشۇ سۆزدۇر.

ئەگەر سىز ھەدېسە ئېرىڭىزنى بالىڭىزنىڭ ئالدىدا كۆزگە ئىلمايدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەردە بولسىڭىز، بالا ئۆزىنىڭ دادى-سىدىن نومۇس قىلىدىغان، كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ ـ دە، كېيىن بالىڭىزنى باشقۇرالماي قالىسىز. «ئاجراش-ماڭلار ئاتا ـ ئانىلار» دېگەن ناخشىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى چوقۇم ئېسىڭىزدە بولسۇن:

«ئەرنىڭ ھۆرمىتى ئۆيىنىڭ ھۆرمىتى، ئەر ـ ئايال كۈلسە، پەرزەنت كۈلگۈسى».

**ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ مەقسىتى بالا تەربىيىلەش، بالا تەربىيىلەشتە تۇنجى مەكتەپ — ئەر ۋە خوتۇن ھەمدە ئاتا بىلەن ئانا مۇناسىۋىتى**

**— سوخۇملىنىسكى**

**ياخشى خوتۇن كۈلۈپ باقار يۈزۈڭگە،**
**مىڭ جان قۇربان ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىگە.**

**— مەختۇمقۇلى**

## 26 . بىلىملىك ۋە ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان بولۇڭ

بىر ئايالنىڭ ئىككىنچى بىر ئايالدىن تولۇپ پەرقى شۇ يەردىكى: ئۇلارنىڭ مىجەزى ۋە تەربىيىلىنىشىنىڭ ئوخشىماسلىقى.

ئەگەر سىز باشقا ئاياللار بىلەن بولغان پەرقىڭىزنى چوڭايتماقچى ھەمدە ئۇلارنى كەينىڭىزگە تاشلىۋەتمەكچى بولسىڭىز، چوقۇم ئۆزىڭىزنى بىلىملىك ۋە ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىشىڭىز زۆرۈر. بىر ئەقىللىق ئايال گۈزەل تاشقى قىياپەت كۆزگە ئارام بېرىدىغانلىقىنى، ۋاقىتلىق ماختاشلارغىلا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى، ئالىيجاناب مىجەز ـ خۇلقىنىڭ كىشىنىڭ روھىنى لەرزىگە سېلىپ، ھاياتلىق گۈللىرىنى مەڭگۈ سولدۇرمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

ھەرقانداق بىر ئەر ئۆز ئايالىنىڭ مەيلى تاشقى قىياپەت، مەيلى ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ياكى بىلىم، مىجەز ـ خۇلق جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى ئادەمگەرچىلىك ۋە ئىشنىڭ يولىنى بىلىش جەھەتتىن بولسۇن باشقىلارغا ياخشى تەسىر قالدۇرۇشىنى، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ئاياللىرىدىن ئېشىپ چۈشۈشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ياشاشتىن مەقسەت ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىش، شۇنداق بول-

غان ئىكەن، ئامال بار ۋاقىت چىقىرىپ ئۆزىڭىزنى تەربىيىلەيدىغان كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇڭ، مىجەزىڭىزنى ئۇزلۇكسىز ئۆزگەرتىشكە تىرىشىڭ، ئالىيجاناب ئايالالار بىلەن دوست بولۇڭ. نەزەر دائىرىڭىزنى كېڭەيتىپ، ئۆيدە ياخشى خوتۇن، مېھرىبان ئانا، سىرتتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئايال بولۇشقا تىرىشىڭ.

**ئەقىل - پاراسەت چىرايدىن ئارتۇق، مېنىڭچە ئەقىلدارلىق ياش ئاياللارنىڭ سەتى يوق. ئەقىلدارسىز لىۋەن ئاياللارنىڭ چىرايلىقى يوق.**

**— ۋىچېلىر**

**ئۆزۈڭنى بىلىم بىلەن بېزە ھەر مەھەل،**
**پەقەت كىمخاب كىيگەن ئەمەستۇر گۈزەل.**

**— ناسىر خىسراۋ**

## 27 . دائىم ئېرىشكىزگە ئەركىلەپ تۇرۇڭ

ئاياللىق خۇلق ئاياللار ئەرلەرگە بېغىشلايدىغان ئاجايىپ مەزمۇنلۇق ۋە قالتىس نەپىس بىر خىل پۇراق بولۇپ، ئاياللار جىسمىدىكى سەبىيلىك، باللارچە قىزىقىش ۋە پاكلىقنىڭ مۇكەممەل بىرلىششىدىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە مىليونلىغان ئەرلەرنى ساراسىمىگە سالىدىغان نەرسە!

قەدىمكىلەر ئېيتىدۇ: «كۈلۈپ تۇرغان ئايالنى ئالۋاستىمۇ ئۇرمايدۇ!». بىر ئاق كۆڭۈل، رومانتىك ئايالنى ئالۋاستىنىڭ ئۇرۇشىغا كۆزى قىيمىغان يەردە، ئېرى قانداقمۇ ئۇرغۇسى كېلىدۇ!

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەركىلەش ئاياللارنىڭ يەنە بىر خىل شەكىلدىكى مۇلايىملىقى، نۇرغۇن ئاچچىقى يامان، گۇسمەستەك ئەرلەرمۇ ئاياللارنىڭ نازاكىتى ۋە مۇلايىملىقى ئالدىدا باش ئەگمەي قالمايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئەركىلەش ئەرلەرنى يېڭىشنىڭ بىر مەخپىي قورالى بولۇپلا قالماستىن، نىكاھ تۇرمۇشىدىكى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان سىلىقلاش مەلھىمىدۇر.

گۈزەللىك — تاشقى گۈزەللىك بىلەن ئىچكى گۈزەللىكنىڭ مۇكەممەل بىرلىكىدىن ئىبارەت.

تاشقى قىياپىتىڭىز نۇقسانسىز بولسا ئۇ سىزنىڭ تەلىيىڭىز،

لېكىن ئۇ پەقەت تاشقى قىياپىتىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قېلىپ، سىزدە ئۇ خىل گۈزەللىكنى ئېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدىغان ئىچكى گۈزەللىك بولمايدىغان بولسا سىز ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا بەختسىز بولۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. مۇلايىملىق بىلەن نازاكەت ئاشۇ ئىچكى گۈزەللىكنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇلار ئايال-لارنى ئېخىمۇ جەزبىدارلىققا ئىگە قىلىدۇ. ھەرقانچە گۈزەل، ھەرقانچە باي، ھەرقانچە يۇقىرى ئەمەلدار بولۇپ كەتسىڭىزمۇ، ئېرىڭىزنىڭ ئالدىدا سىز يەنىلا ئۇنىڭ خوتۇنى، شۇڭا ھەرۋاقىت ئېرىڭىزگە خۇشاللىق ئاتا قىلىشنى ئويلىشىپ تۇرۇشىڭىز كېرەك.

خەقنىڭ ئالدىدا تەمكىن، سالماق، ئېرىنىڭ ئالدىدا نازۇ-كەرەشمىلىك بولۇشنى پەقەت تالانت ئىگىلىرىلا ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. ھالبۇكى بۇنداق ئاياللار ئانچە كۆپ ئەمەس. مانا بۇ، ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق مەزگىللىك ئامراقلىق، مېھرىبانلىقنىڭ سىرى؛ بۇنداق قوش تالانتى كەمچىل ئاياللار ئۇچۇن ئۇزاق مەزگىللىك مۇنداق ئامراقلىق تاپماق تەس تېپىشماقتەك بىلىنىدۇ.

— بالزاك

خۇش چىراي ئەمەس ياخشىلىقنىڭ پەللىسى،
ياخشى خۇلقتۇر ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى.

— خۇسراۋ دېھلىۋى

## 28. ئېرىگىزگە دائىم ھەمراھ بولۇڭ

ئەرلەر دائىم مۇنداق ئىككى خىل ھالەتتە ئاياللارنىڭ كۆيۈنۈشىگە ئېھتىياجى چۈشىدۇ: مۇلايىملاشقاندا ۋە قورقۇنچاقلىق قىلغاندا.

قانداق ۋاقىتتىكى ئەرلەر مۇلايىم بولىدۇ؟ قانداق چاغدا ئەرلەر «قورقۇنچاق» لىق قىلىدۇ؟ دەل جايىدا چىقىرىلغان ھۆكۈم ئاياللارنىڭ ئۆمۈرلۈك زۆرۈر ئوقۇشلۇقى.

ئەر: ماڭا چۈشۈۋاتقان بېسىم بەكلا ئېغىر، ناھايىتى چارچىدىم!

خوتۇن: نېمىگە ئەنسىرەيسىز! بىز نۇرغۇن ئادەملەرگە قارىغاندىمۇ ياخشى ياشاپ كېتىۋاتىمىزغۇ!

مانا مۇشۇنداق دەرد ئېيتىش، تەسەللى بېرىشلەردىن كېيىن ئەرنىڭ كۆڭلىدىكى غەم ـ قايغۇلار يوقاپ يېنىكلەپ قالىدۇ.

ياخشى ئاتقا ياخشى ئېگەر لازىم، ياخشى كۈنلەرنىڭ بولۇشى ياخشى ئايالنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە موھتاج.

يۇقىرىقى سۆھبەتنى ئەكسىگە ئۆرۈپ باقايلى:

ئەر: ماڭا چۈشۈۋاتقان بېسىم بەكلا ئېغىر، ناھايىتى چارچىدىم!

خوتۇن: سىز چارچىغان بولسىڭىز مەنچۇ؟! ئۆزۈمنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتىن سىرت، تاماقىڭىزنى ئېتىپ، كىرىڭىزنى

يۈيۈپ، باللىرىڭىزنى بېقىپ، ئۇگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ...

بۇنىڭ ئاخىرى يا سوقۇش بىلەن ياكى ئەرنىڭ ئىشكنى جالاقلىتىپ يېپىپ چىقىپ كېتىشى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. شۇنداقلا ئاياغلاشىشقۇ مەيلى، لېكىن ئېرىڭىزنىڭ سىزدىن كۆڭلى قالىدۇ، ئىككىنچىلەپ سىزگە دەرد ئېيتمايدىغان بولىدۇ. ئۇنداقتا ئۇ دەردىنى كىمگە ئېيتىدۇ؟ هاراق، قىمار ياكى باشقا دەردىگە دەرمان بولىدىغان ئايالغا.

بۇلارنىڭ ھەممىسىلا سىز ئۇچۇن پايدىسىز، ئەڭ ياخشىسى ئېرىڭىزگە ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ھەمراھى ئىكەنلىكىڭىزنى ئىپادىلەپ تۇرۇڭ. بىر پسىخولوگنىڭ ئېيتىشىچە، «بىر ئەرنىڭ خوتۇنى قىلالايدىغان ئەڭ مۇھىم بىر ئىش شۇكى، ئۇ ئېرىنى ئىشخانىدا چىقىرالمىغان دەردىنى ئۆزىگە ئېيتىپ بېرەلەيدىغان قىلالايدۇ». بۇ بۇرچنى ئادا قىلىدىغان خوتۇنلار «تىنچلاندۇرۇش دورىسى»، «بىللە ھال ـ مۇڭ بولىدىغان تاختاي»، «يىغلايدىغان تام»، «ماي قاچىلايدىغان بېكەت» دەپ تەسۋىرلەنگەن.

ئۆزىڭىز سۆيىدىغان بىر ئەر ئۇچۇن يۇقىرىقىلارنىڭ قايسىسى بولغىڭىز بار؟

**ئەرلەر ئۇچۇن جەمئىيەت جەڭ مەيدانى، ئائىلە بولسا بىردىنبىر كۆڭۈل بوستانى ۋە ئارامگاھى.**

**— چىتيەن دازۇ**

**ئىككى ئالەمدە مېنىڭ يېنىمدا يارىم بولسا بەس،**
**يا بېھىش، دوزاخ، يا ھۆرۈ ـ غىلمان كېرەك ئەمەس.**

**— ھاپىز شىرازى**

## 29 . گەپ ئاڭلايدىغان ئايال بولۇڭ

ئۇچۇر دەۋرىدىكى ئەرلەر قارىماققا «ئۆكۈزدەك كۈچلۈك» كۆرۈنىدۇ. شۇنداقتىمۇ كىچىك ئىشلار، ئۇششاق - چۈششەك خاھىشلار، بەزىبىر مۇناسىۋەتلەردە ئەرلەرگە ئازراق يول قويۇڭ، ئاخىرقى ھېسابتا پايدا ئالىدىغىنى يەنىلا ئۆزىڭىز.

ياۋاش ئەرلەر ھامان ئۆزىدىن «كۈچلۈك» ئاياللار بىلەن نوي قىلىپ قالىدۇ. بۇ بەلكىم «تەڭشەلگەن» لىكىدۇر. بۇنداق «كۈچلۈك» ئاياللار ئۆيىنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان، ھەتتا ئەرلەر رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان چوڭ - چوڭ ئىشلاردىمۇ يەنىلا ئەرنىڭ پىكرى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرىدۇ، جاھىللىق قىلىدۇ، ئەر كىشىنى ئامالسىز، بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قويۇپ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ روھىيىتىدە ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىپ، ئەرنى ئۆزىنى كۆزگە ئىلمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق ئەرلەر ھاراق، قىمار بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدۇ. بۇ ئارقىلىق خوتۇنىنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدۇ ياكى خوتۇنغا بولغان بىزارلىقىنى پەيدا قىلىپ، نىكاھ كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

گەپكە قۇلاق سالىدىغان ئايال ئۆزىنىڭ ئېرىگە ناھايىتى

زور تەسەللى ۋە خاتىرجەملىك بېرەلەيدۇ. بۇلا ئەمەس، ئۆزىمۇ مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە ئىجتىمائىي مۇلۇككە ئېرىشىدۇ. بىر مۇلايىم، شۇنداقلا ياسانچۇق ئەمەس ئايال باشقىلارنىڭ سۆزلى-رىگە مەپتۇن بولۇپ تۇرىدۇ.

ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ھېسسىياتقا تايىنىپ ياشايدۇ. ھال-بۇكى ئەرلەر بولسا ئەمەلىيرەك كېلىدۇ. ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ھەربىر ھالقىسىدا، ئاياللار ئەرلەرنىڭ پىكرىنى كۆپرەك ئاڭلىغى-نى، ئەرلىرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغىنى ياخشى!

پۇل بولسا گىدىيىپ كېتىشنىڭ، داۋلىرىڭىز بولسا ھۆكۈ-رەپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئائىلە تۇرمۇشىدا ئېرىڭىزگە ئاز-راقمۇ پىكىر قىلىش، ھۆكۈم قىلىش، خوجايىنلىق ھوقۇقىنى بەرمىسىڭىز، ھەممە ئىشقا ئۆزىڭىز چات كىرىۋالسىڭىز، ئۇنداق ئەرنى ئەڭ ياخشىسى «قويۇۋەتكىنىڭىز» تۈزۈك!

**تەنتەك خوتۇن ئېرىنى جىمغۇر قىلىۋېتەلەيدۇ.**

**— شېكسپىر**

**ھەددىدىن ئارتۇق لاۋۋىلدىغان شام،**
**مۇمكىن خانىمانىڭ كۆيدۈرەر تامام.**

**— سەئدى شىرازى**

## 30 . پات ـ پات رومانتىك ئىشلارنى قىلىپ، تۇرمۇشىڭىزدا يېڭىلىق پەيدا قىلىڭ

قەھۋەنىڭ قىرتاق ياكى تاتلىق بولۇشى شېكەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە باغلىق. تۇرمۇشنىڭ ئازابلىق ياكى خۇشال ئۆتۈشى سىزنىڭ پوزىتسىيىڭىزگە ۋە كەيپىياتىڭىزغا باغلىق. قاچانلا بولـسۇن ئۆزىڭىزگە شېكەر قوشۇپ تۇرۇڭ، شۇندىلا ھەر كۈنىڭىز خۇشال ئۆتىدۇ.

ئېرىم ھەر دائىم كاماندىروپكىغا چىقىشتىن بۇرۇن، چامادانىنى رەتلەپ، ھەربىر كىيىمنىڭ يانچۇقىغا چاندۇرماي باغاقچىلارنى سېلىپ قويىمەن، يەنى ئاخشىمى ئۇخلاش كىيىمنى ئالماشـتۇرۇپ، بىر يانچۇقىغا قولىنى شۇنداقلا سېلىشىغا «بەك كەچكىچە تېلېۋىزور كۆرۈپ، ئارام ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالما!» دېگەن خەتنى كۆرىدۇ. يەنە بىر يانچۇقنى ئاختۇرسا «ياخشى چۈش كۆر!» دېگەن خەت چىقىدۇ.

ئەتىگەندە كاستۇم بۇرۇلكىسىنى كىيگەندە، ھەممىلا يانچۇقىدىن ئۇخشىمىغان مەزمۇندىكى ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك جۈملىلەر يېزىلغان باغاقچىلارنى ئۇچرىتالايدۇ. قايسىلا كىيىمنى كىيسە، شۇنىڭ يانچۇقىدىن باغاقچىلارنى ئوقۇپ تۇردۇ. بۇمۇ بىر خىل رومانتىكا، مۇھەببەتنى ئىپادىلەشنىڭ، نىكاھ

تۇرمۇشنى رەڭگارەڭ قىلىشتىكى مۇھىم مەزمۇن.

ناخشا ئېيتىشنى بىلمەيدىغان ئاققاش قۇشقاچ گومۇش قۇش، سۆزلەشنى ئۆگىنەلمەيدىغان شاتۇتى كالۋا قۇش، چۈجىنىمۇ تۇتالمايدىغان بۈركۈت دۆت قۇش، ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنى بىلمەيدىغان خوتۇن شەك — شۈبھىسىزكى ياغاچتىن باشقا نەرسە ئەمەس!

سىز ئېرىڭىزنى قانچە ياخشى كۆرسىڭىزمۇ ھېسسىياتىڭىزنى ئازراق ئىپادىلەشنىمۇ بىلمىسىڭىز، سىزدىكى مۇھەببەت قانچە چوڭقۇر بولغىنى بىلەنمۇ ئېرىڭىز تەسىرلەنمەيدۇ. شۇڭا، ياغاچتەك خوتۇن بولغاندىن كۆرە ئازراقلا كاللا قاتۇرۇپ، تۈرلۈك رومانتىكىلار بىلەن ئېرىڭىزگە ھېسسىياتىڭىزنى ئىپادىلەپ تۇرسىڭىز ئېرىڭىز چوقۇم سىزگە تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كېتىدۇ. قېنى ئەمسە ئېرىڭىزگە ھازىرلا بىر پارچە سۆيگۈ مەكتۇبى يېزىپ ياستۇقىنىڭ تېگىگە باستۇرۇپ قويۇڭ، تېخىمۇ ياخشىسى ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ، پوچتىدىن ئۇدۇل خىزمەت ئورنىغىلا سېلىۋېتىڭ. بۇنداق بولغاندا تېخىمۇ رومانتىكلىق بولىدۇ!!!

**ھەركىمگە سۆيگۈدىن قۇۋۋەت يەتسە، ئۇ كىشى سۇت ئىچسە گۆھەر، قان يۇتسا ياقۇت بولىدۇ.**

**— موللا سىدىق يەركەندى**

**ئاقىل، تەدبىرلىك بولسا گەر ئايال،**
**قولىدىكى يىڭنىسى يا ئوقى مىسال.**

**— خۇسراۋ دېھلىۋى**

# 31 . مۇھەببەتلەشكەن چاغلىرىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ

مۇھەببەتلەشكەن چاغلىرىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟

ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ چىرايلىق تەرىپىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، ئەينەكنىڭ ئالدىدا سائەتلەپ ئولتۇراتتىڭىز، ئەڭ يارىشىملىق كىيىملىرىڭىزنى كىيەتتىڭىز، چېچىڭىزنىڭ قانداق پوسۇندا بولۇشىنى ئارزۇ قىلسا شۇ پوسۇندا ياساتاتتىڭىز، ئۇ نېمىنى ياخشى كۆرسە شۇنى يەيتتىڭىز، تاكسىغا چىقايلى دېسە، ئەرزانراق ئاپتوبۇسقا ئولتۇرايلى دەپ تۇرۇۋالاتتىڭىز. بەتخەجلىك قىلىشنى خالىمايتتىڭىز، ئاتا ـ ئانىسى، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتىڭىز...

توي قىلىش بىلەن مۇھەببەتلىشىش ئىككىسى ئىككى ئىش. ئۇمۇ، سىزمۇ زور دەرىجىدە ئۆزگىرىسىز، بۇرۇن بىر ـ بىرىڭلارغا رەڭلىك كۆزەينەك ئاستىدا قارىغان بولساڭلار، توي قىلغاندىن كېيىن لوپا ئەينەكتە قارايدىغان بولىسىلەر، بۇرۇن ئەڭ چىرايلىق تەرەپنىلا كۆرسەتكەن بولسىڭىز، ئەمدى بۇ سەل تەس توختايدىغان بولىدۇ.

لېكىن، شۇنداقتىمۇ ئۆزىڭىزنى يەنىلا ئېرىڭىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سۆيگىنى دەپ قاراپ، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان چاچ

پوسۇننى لايىھىلەڭ، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان رەڭدىكى كىيىملەر-نى كىيىڭ.

نىكاھ — بىر جۈپ ئاياغقا ئوخشايدۇ، پۇتىڭىزغا كىيگەن-دىن كېيىنلا ئاندىن ماس كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى بىلىسىز. ئېرىڭىز ياخشى كۆرىدىغان «ئەندىزە» بويىچە بىر جۈپ نىكاھ ئايىغىنى تىكتۇرۇڭ، ئاياغ بوغقۇچىنىڭ چىڭ ياكى بوشلۇقى پۇتۇنلەي سىزنىڭ قولىڭىزدا.

ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پۇتى «تەرلەپ تۇرىدۇ»، «نى-كاھ ئايىغى» نى تىكتۈرگەن چېغىڭىزدا يۇزلۇكىگە چوقۇم بىر-نەچچە كىچىك تۆشۈكچە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ، شۇندىلا ئېرىڭىزنىڭ پۇتى تېخىمۇ راھەت، تېخىمۇ سالقىن تۇرىدۇ.

**چىن مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتى شۇ يەردىكى، ئىنسان ئۆزىنى ئۇنتۇپ، باشقا بىر «مەن» گە سىڭىپ كىتىدۇ، ئۇنتۇلۇش ۋە سىڭىپ كىتىش جەريانىدا ئۇ ئۆز تەبىئىي ھالىتىنى بايقايدۇ ۋە ئۆز - ئۆزىنى تېپىۋالىدۇ.**

**— گىبگىل**

**دىلۇ جان بىلەن ھەركىم بولسا ئاشىق،**
**بولۇر مەشۇقىغە جاندەك مۇۋاپىق.**

**— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى**

## 32 . كىشىلىك ئالاقە سورۇنلىرىدا يەڭگىلتەكلىك قىلماڭ

ئەرلەر يېنىدا شۇنداق چىرايلىق ئايالى بار تۇرۇقلۇق ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان باشقا بىر ئايالغا قاراشتىن يانمايدۇ. ئەگەر ئۇ قارىمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغان بولسا بۇ ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ تېخىمۇ ئالا ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. دېمەك، بۇ ئەر-لەرگە ئەگەر پۇرسەت بولسىلا، باشقا ئاياللار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇشتىن يانمايدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى. لېكىن ئەگەر سىز باشقا بىر كېلىشكەن ئەر بىلەن تانىسا ئويناپ بېقىڭ ياكى ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ بېقىڭ، ئېرىڭىز ھەرخىل ئاماللار بىلەن سىزنى ئۇنىڭدىن توسىدۇ.

ئاڭلىشىمىزچە، ئەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى «ئۆز ئايالى-نىڭ ھەرەمدەك مۇقەددەس بولۇشىنى، خەقنىڭ خوتۇنىنىڭ بۇزۇق» بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. بۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغان بىر سىرىدۇر. ئەرلەر ئۆز ئايالىنىڭ سەل قىنىدىن چىقىپ، باشقا ئەرلەر بىلەن بەكلا يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسە ھەرگىز چىدىمايدۇ. ئايالىنىڭ تالاغا قاراپ قالغانلىقىنى سەزگەن ئەر بۇ ئىشنى ئويلىغان ھامان ئايالغا قارىتا سەسكىنىش پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن ئالدىراپ خوتۇنىدىن ئاجرىشىدىغان ئەر-

لەر ئاز ئۇچرايدۇ، چۈنكى ئائىلىسىنى بۇزۇشنى ئۇ-لارمۇ خالىمايدۇ ـ دە.

ئادەتتىكىچە ئېيتقاندا، ئەرلەر ئۆز خوتۇنىنىڭ پەقەت مۇن-داق ئىككى خىل سۆيگۈنى قوبۇل قىلىشىنىلا ئۈمىد قىلىدۇ: بىرى ئېرىنىڭ سۆيگۈسى، يەنە بىرى ئۆزىنى سۆيۈش.

ئەگەر سەن قىلغاندىكىن مەن قىلمامدىم، سەن قارىغاندى-كىن مەن قارىمامتىم دېگەن پاسسىپ قارشىلىشىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئېرىڭىزدىن ئۆچ ئېلىشنى ئويلىغان بولسىڭىز دەرھال بۇ نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ، جامائەتنىڭ، باللىرىڭىزنىڭ ئالدىدىكى مۇقەددەر ئورنىڭىز ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئامال تېپىڭ.

ئائىلە تۇرمۇشىدا بەرداشلىق بېرىش — مۇھەببەت؛ يول قويۇش بولسا ھېسسىياتتۇر؛ كەڭ قورساقلىق ئەدەب، ئاددىيلىق ھەقىقەتتۇر.

**كۆكسى ـ قارنى كەڭ بولۇش تەربىيىلىنىش بىلەن ئۆزىگە ئىشەنچ قىلىش، ھېسداشلىق بىلەن مېھرىبانلىقتىن تەركىب تاپ-قان گۈزەل ئەخلاقتۇر. كۆكسى ـ قارنى كەڭ ئادەمنىڭ خۇشال يۈرىدىغان كۈنلىرى كۆپ، خاپىلىقى ئاز بولىدۇ.**

**— روللان**

**يامان نەپسىڭنى سەن ئەدەبكە قۇل قىل،**
**ئەدەبسىزنى ئەدەب بىلەن قايىل قىل.**

**— خۇسراۋ دېھلىۋى**

## 33 . ئەرنىڭ مېھمانلىرىنى كۈتۈۋېلىشتىمۇ سەۋر - تاقەت بولۇش كېرەك

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگىلا خىد-رىس ۋە رىقابەت تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ خىل خىرىس، رىقابەت تۇيغۇسىنى ھېس قىلىپ يەتكەنلەرنىڭ ھەرقانداقى ئىند-تايىن ئالدىراش، ھەتتا ئۇخلايدىغان، تاماق يەيدىغان ۋاقتىمۇ يوق چېپىپ يۈرۈۋاتىدۇ.

قېيىنىمنىڭ بىر كۈنى مەلۇم بىر رېستورانغا چاقىرساق كېلىپلا:

— تو‌ۋا، سىلەر تېخى مۇشۇنداق ئىسراپچىلىق قىلىپ، ۋاقتىڭلارنى بىكار ئۆتكۈزۈپ يۈرەمسىلەر؟ بولدى، مەن بىر تەخسە پولوغا تويىمەن، شۇنى يەپلا ماڭاي،— دەپ ئۇن مىنۇت-نىڭ ئىچىدە مېھمان بولۇپ كەتكىنى ماڭا بەكلا تەسىر قىلغان ئىدى.

چەت ئەللەردىمۇ خەقلەر ئۆيىگە مېھمان چاقىرماقچى بولسا چوقۇم ئالدىن كېلىشىۋېلىپ، ئاندىن خوتۇنىغا ئېيتىپ، بىر كىشىلىك تاماقنى ئارتۇق تەييارلىتىپ ئاندىن ئۆيىگە ئاپىرىدىغان-لىقى، خالىغان ۋاقىتتا گۈلدۈرلەپلا مېھمانلار ئولتۇرۇشى قىلىد-غانغا ۋاقىتنىڭ يوقلۇقى، تەييار تاماقلارنى ياكى بولكىلارنى

يەۋىلىپلا خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى... ئاڭلاپ ھەيران قالاتتىم. ئەسلىدە بۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنىڭ تېزلەشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىكەن. لېكىن، ئۇيغۇرلاردا مېھماندارچىلىق، ئولتۇرۇش، بەزمىلەر خۇددى تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىدەك تېخىمۇ تەرەققىي قىلماقتا، تۈرلىرى يىلسېرى ئاۋۇماقتا.

مۇتلەق كۆپچىلىك ئەرلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئادەتتە ئارىلىشىدىغان دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن بەزىدە ئۆينىڭكىدە، بەزىدە بۇنىڭكىدە ئولتۇرۇپ، هاراق ـ شاراب ئىچىشىپ، تاماكا چېكىشىپ، ئۆزئارا كۆڭۈل چۈشەندۈرۈشۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئالدىراش ئەرلەرمۇ ۋاقىت چىقىرىپ بەزى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى هازىرلاپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇنداق سورۇنلار بەك كۆپ بولماي مۇۋاپىق بولسىلا ئاياللار چوقۇم ناهايىتى ئىللىق مۇئامىلە، پىشقان هۈنىرى بىلەن ئېرىنىڭ دوستلىرىنى كۈتۈۋېلىشى، مېهمانلار كەتكەندىن كېيىن قالايمىقان «جەڭ مەيدانى» نى يىغىشتۇرۇشى كېرەك.

ئەرلەر ئۈچۈن نام ـ ئابروي جېنىدىنمۇ مۇهىم، بىر ياخشى ئايال هامان ئائىلىسى ئۈچۈن ئۇن ـ تىنسىز تەقدىم قىلىدۇ، مېهمان چاقىرىش، سوۋغا تەقدىم قىلىش، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلار ئاياللارنىڭ چېچەن ياكى ئەمەسلىكىنى سىنايدىغان ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە.

«مال تۈرى بىلەن، ئادەم خىلى بىلەن»، ئەرلەرنىڭ ھەممە نەپەسلىرى بىلەن يىغىلىشنى ياخشى كۆرۈشى ئۇلارنىڭ تەبىئىتى.

مۇھەببەت ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايدۇ ، بەلكى ئۆزىنى بېغىشلايدۇ . ئۇ ھەمىشە ئازاب چېكىدۇ ، لېكىن شىكايەت قىلمايدۇ ، قىساس ئالمايدۇ .

— گەندى

بۇ كەڭ ئالەم دوستۇ - يارەن بىلەن خۇش ،
باغۇ - بوستان ، گۈلۈ - رەيھان بىلەن خۇش .

— خۇسراۋ دېھلىۋى

## 34 . ھەرگىز كوتۇلدىماڭ

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئەرلەر ئەڭ كۆپ دەيدىغان گەپ: «ئاسماندىنمۇ، زېمىندىنمۇ قورقمايمەن، خوتۇنۇمنىڭ كوتۇلدىشىدىن قورقىمەن» دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن.

مەلۇم بىر پسىخولوگ:

— بىر ئەرنىڭ نىكاھ تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇش - بولماسلىقىدا ئۇنىڭ ئايالىنىڭ مىجەزى ۋە كەيپى باشقا ھەرقانداق ئىشتىنمۇ مۇھىم. ئايالى جىمى جاھاندىكى ھەممە گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مىجەزى چۇس، كوت - كوت، قۇسۇر ئىزدەيدىغان ۋە خاراكتېرى غەلىتە بولسا، ئۇنىڭ باشقا ھەممە گۈزەل ئەخلاقى نۆلگە تەڭ بولىدۇ، — دەپ يازغان.

مەشھۇر پسىخولوگىيىلىك ئىلمىي تەتقىقاتلاردا يەكۈنلىنىشىچە، كوتۇلداش، قۇسۇر ئىزدەش ئاياللارنىڭ كەمچىلىكلىرىنىڭ بىرىنچىسى بولغان، باشقا ھەرقانداق خاراكتېرلار كوتۇلداش ۋە قۇسۇر ئىزدەشكە ئوخشاش ئائىلە تۇرمۇشىغا ئۇنچىۋالا زىيان - زەخمەت كەلتۈرەلمەيدىكەن.

ئايالىنىڭ ئېرىگە كوتۇلدىشى تامچە تاشنى تەشكەنگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇ ئەڭ يۇقىرى قان چىقارماي، ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئۇسۇل.

دەرد ئېيتىش، ئاغرىنىش، سىلىشتۇرۇش، مەنسىتمەسلىك، زاڭلىق قىلىش، توختىماي ۋالاقلاش — كوتۇلداش ۋە قۇسۇر تېپىشقا ئامراق ئاياللار مۇشۇ دەھشەتلىك پىسخىك قىلىق ئىچىدە يا بىرىگە ئۇستا بولىدۇ، يا ھەممىسىگە ئىگە تولۇق قابىلىيەتلىك بولىدۇ، ئۇنى ئادەت يېتىشتۇرگەن.

لېكىن مەن ئاياللار كوتۇلداش بىلەن ئېرىنىڭ بويىنى ئۇن سانتىمېتىر ئۆستۈرگەنلىكىنى ياكى كوتۇلداش بىلەن ھاراقتىن، قىماردىن، تالاغا قاراشتىن توسۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدىم، بەلكى زىيادە كوتۇلداش سەۋەبىدىن دائىم تاياق يەپ، ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى كۆكەرتىپ يۈرگەنلىكىنى ياكى يارا قىلىۋالغانلىقىنى ۋە ياكى ئۆيدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ چېقىلىپ زىيان تارتقانلىقىنى ئاڭلىغان ھەم كۆرگەنمەن.

مېنىڭ بىر كىچىك ئاپام ناھايىتى ئىشچان، تېتىك، ئۇچۇق ـ يورۇق، مەرد ھەم پاكىز. ئاياللىق ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن ئېيتقاندا خېلى ـ خېلى ئاياللارمۇ ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ، بىراق بىر ئەيىبى ئاچچىقى يامان، كوت ـ كوت. ئېرى ھاراق خۇمار، ئەگەر ئېرىنىڭ ئاغزىدىن ھاراق پۇرىقىنى پۇرىسىلا ئاغزى ئېچىلىدۇ، گەرچە ئەرنىڭ خاتا بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ بۇ بىچارە كىچىك ئاپام كوتۇلداش بىلەن ئېرىنى ئۆزگەرتەلمىدى، تېخى يېقىندا 6000 يۈەنگە سېتىۋالغان خەيئېر ماركىلىق 34 دىيۇملۇق تېلېۋىزورنى كوتۇلداشقا چىدىمىغان ئەر كۈلدان بىلەن بىرنى قويۇپ چېقىۋەتتى. مەنمۇ بىر قېتىم ئارتۇق سۆزلەپ قويۇپ، پولو ئېتىدىغان شۇنداق چىرايلىق قازىنىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. سىزمۇ ئويلاپ بېقىڭ، كوتۇلداش ئارقىلىق ئېرىڭىزنى ئۆزگەرتەلىدىڭىزمۇ ياكى ئۆزىڭىز زىيان تارت-

تىڭىزمۇ؟

كوتۇلداش ئاياللاردىكى ناچار ئادەت، شۇنداقلا نىكاھنىڭ بىرىنچى قاتىلى. كوتۇلدىماسلىق ئاياللارنىڭ پىششىپ يېتىلىشكە قاراپ ماڭغانلىقىنىڭ بىرىنچى قەدىمى.

نىكاھ مەسىلىسى مۇتەخەسسىسلىرى مۇنداق خىتاب قىلدى: بارلىق ئاياللار تۆۋەندىكى ئۇقۇملارنى ھەرگىز ئارىلاشتۇرۇۋالماڭلار: ياش ئايال دېمەك تەتۈرلۈك ئەمەس؛ ئاياللار باراۋەرلىكى دېمەك قالايمىقان چېچىلىش ئەمەس؛ شوخلۇق يەڭگىلتەكلىك ئەمەس.

ئەرلەرگە بېرىدىغان تەكلىپ:

ئاياللار كوتۇلدىغان چاغدا قۇلىقىڭىزغا پاختا تىقىۋېلىڭ!

**ئەگەر بىر ئايال بىر ئەرگە ھەمراھ بولغاندا ئۆزىدە ئاياللىق خۇسۇسىيىتىنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالىسا، ئۇ ھالدا بۇ ئەر بىلەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك تۇردە چىقىشىپ ئۆتەلەيدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر بىر ئەر بىر ئايالغا ھەمراھ بولغاندا ئۆزىنى بىر جاسارەتلىك ئەركەك دەپ ھېس قىلالىسا، ئۇ ھالدا بۇ ئايال بىلەن بىللە ئۆتۈشنى ئىنتايىن خالايدۇ. ئەگەر ئەر كىشى ئۆيگە كىردىشى بىلەن ھامان تۇگىمەس ـ پۈتمەس ئەيىبلەش، كوتۇلداش، تىل ـ ھاقارەتكە ئۇچرىسا، بۇ ئەرنىڭ بارا ـ بارا ئۆيگە قايتقۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ ـ دە، كۆڭۈل خۇشلۇقىنى بارا ـ بارا ئۆيدىن تالاغا يۆتكىلىپ كېتىدۇ.**

**— ئۇسبىن**

**يامان خۇلقتىن يامان سۇرەت ياخشىراق،**<br>
**يامان سۆزدىن يامان ئەخلەت ياخشىراق.**

**— ئابدۇلمەجىد سەنايى**

## 35 . ئۆيىڭىزنى پاكىز تازىلاپ تۇرۇڭ

چاچلىرى پاخپىيىپ، يۈز ـ كۆزى مەينەتلىشىپ كەتكەن ئەرنىڭ يۇقىرى ساپالىق بولۇشىدىن ھەرگىز ئۈمىد كۈتمەڭ؛ ئائىلە مۇھىتىنى رەتسىز قىلىۋەتكەن بىر ئايالدىنمۇ ئوخشاشلا پەزىلەتلىك بولۇشنى تەمە قىلماڭ.

ئەرەب خەلقىنىڭ مۇنداق ماقالى بار: ئۈچ نەرسە ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ، كەڭ ئۆي، يۇگۈرۈك ئات ۋە چاققان ئايال.

قازاق مىللىتىنىڭ ماقالىدا: ئۈچ نەرسە ئادەمنى قېرىتمايدۇ، يورغا ئات، ئۆتكۈر پىچاق ۋە ياخشى خوتۇن.

ياپونلاردا بولسا: ياخشى خوتۇن ئىش بىلەن، يامان خوتۇن تىل بىلەن دېيىلگەن.

دېمەك، پاكىزلىق ئايال كىشى ئۈچۈن خۇددى ئەخلاقتا ئوخشاشلا مۇھىم بىر زىننەت. سىز ئۆيىنى خەق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىز، ئېرىڭىز ۋە بالىلىرىڭىز ئۈچۈن تۇتىسىز. ئۆيىڭىزنىڭ ھەممىلا يېرىدىن ـ ئەڭ كىچىك، ئەڭ نازۇك يەرلىرىدىنمۇ گۈزەللىك، پاكىزلىق چىقىپ تۇرسا، ئۆزىڭىزنىڭمۇ كۆڭلى ئېچىلىپ، كەيپىمۇ چاغ بولۇپ قالىدۇ، ئېرىڭىزمۇ خۇش بولىدۇ، بالىلىرىڭىزمۇ سىزدىن ئۈلگە ئالىدۇ. باشقىلارمۇ سىزنى ماختايدۇ.

ماددىي جەھەتتىكى بايلىق ۋە نامراتلىق سان ئۆزگىرىشى

ياساپلا قالماستىن، بەلكى ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئۆزئارا ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، روھىي جەھەتتىكى بايلىق ۋە نامراتلىق ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزئار ئالمىشىشى بىرنەچچە ئاي، بىرنەچچە يىل، ھەتتا بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ۋاقتىدا ئاندىن تاماملىنىدۇ.

ياخشى خوتۇنلارغا بېرىلىدىغان پايدىلىنىش ئۆلچىمى: ساغلاملىق، ئاددىي ساددىلىق، پاكىزلىق، خۇشخۇيلۇق.

**ئىبسىل پەزىلەتلىك بىر ئايالنىڭ سۆيۈرگە بىلەن يەر سۆيۈ- رىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە، شۇ سۆيۈرگىنىڭ ھەربىر بۆلۈكىنىڭ كۆزىمىز ئالدىدا قۇياشتەك نۇر چاقنىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلى- سەن.**

**— تاگور**

**ئاسانلىقچە كەلمەس شادلىق، پاراغەت،**
**ئەمگەكسىز قازانماس ھېچ كىشى شۆھرەت.**

**— پەخرىددىن گۈركانىي**

## 36 . ئۆتكەن ئىشلارنى ھەرگىز تەگمەڭ

بىر ئوچۇق ـ يورۇق ئايال ئەرلەرنىڭ «كونا ھېساب ـ كىتابلىرى» غا نىسبەتەن كۆلۈپلا قويۇشتىن ئىبارەت قائىدىنى بىلمەي قالىدۇ.

تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈش دېگىنىمىز، ئەر ـ ئايال ئورتاق ياشاش، تۇرمۇشنى چۈشىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەپۇ قىلىش، يېگى تۇرمۇش يارىتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«يارىسىز يىگىت بولماس، نۇقسانىسىز ئەر (بولماس)» دې-گەندەك نىكاھلىق ئەرلەرنىڭ قىسمەتلىرىنىڭ يولدىن چىقىپ كېتىدىغان بىر شەرەپسىز تارىخى بولىدۇ. گەرچە بۇ خىل يولدىن چىقىپ كېتىش ئايال كىشىنى ئىنتايىن ئازابلىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆتكەنكە سالاۋات دېمەي ئامال يوق.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەرلەرنىڭ تالاغا قاراپ قېلىشى ئۆي-دىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەنلىكتىن، ئايال كىشىنىڭ تالاغا قارىشى ئۇنىڭ تۇغما بۇزۇقلۇقىدىن ئىكەن، ئەرلەر ئاياللاردەك كەڭ قورساق ئەمەس، ئەرلەر ھەرگىز ئاياللارنىڭ شەرەپسىز تارىخى بولۇشىنى خالىمايدۇ. ئادەتتە بىر ناھايىتى ياخشى قىز بالا ئىلگى-

ری ئەسكىلىكتە نام چىقارغان بىر ئەرگە تېگىشى مۇمكىن، ۋەھالەنكى، بىر ئەر ئىلگىرى ناھايىتى ئەسكى، ئەمما ھازىر تۈزۈلۈپ كەتكەن ئايالنى ئېلىشى ناتايىن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ نىكاھىدا تۇرۇپ باشقا ئەرلەر بىلەن نامى چىقىپ قالغان ئايالنىمۇ ناھايىتى تەستە كەچۈرۈۋېتىشى مۇمكىن.

ئاياللار ئەسلىدىنلا ئەرلەرگە قارىغاندا نۇرغۇن ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىشتەك كەڭ قورساق قىلىپ يارالغان. ئەگەر شۇنداق كەڭ قورساقلىق بىزدە بولمايدىكەن، دۇنيادا ئاجرىشىدىغانلارنىڭ نىسبىتى توي قىلىدىغانلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشكەن ۋە تىرىك يېتىم باللار ھەممىلا يەرنى قاپلاپ كەتكەن بولاتتى.

شۇڭا، ھازىرقى زامان ئاياللىرى مۇنداق قائىدىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىشى لازىم:

«ئۆتمۈشۈڭگە پەرۋا قىلمايمەن، پەقەت ھازىرنىلا سۈرۈشتۈرىمەن».

**كەچۈرۈش مۇھەببەتنىڭ زۆرۈر ۋاستىلىرىدىندۇر. سۆيگىنىنى بىر قېتىممۇ كەچۈرمىگەن ئادەم، بىلىڭكى، ئۇنىڭ سۆيىمەن دەپ ئېيتىشقا ھەققى يوق.**

**— چوڭ دىيۇما**

**كىمنى سۆيسەڭ ئاڭا ئەيلە چىن خىزمەت،**
**نۇقسانىنى كەچۈرۈپ ساداقەت كۆرسەت.**

**— ئەسەد تۇسى**

## 37 . ئېرىخىزنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلىپ قويۇڭ

ئەرلەرنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىل ئۇ ئۆزى تىرىشىپ «تىكلىگەن»؛ يەنە بىر خىل باشقىلار «باش قاتۇرۇپ» سوۋغا قىلغان «يۈز ـ خاتىرە». ئەرلەر ئىككى خىل «يۈز ـ خاتىرە» نىڭ ھەر ئىككىسىنى ياخشى كۆرىدۇ، بولۇپمۇ ئاياللار سوۋغا قىلغان ھېلىقىدەك ئەڭ ئەرزان باھالىق «يۈز ـ خاتىرە» نى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلىش بۇ نەقەدەر مۇھىم ـ ھە!

ئارىمىزدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئوبدانراق ئويلىنىدىغانلار بەكمۇ ئاز، بىز ھەمىشە باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز، ئۆزىمىزنىڭ قارىشى بويىچە باشقىلاردىن قۇسۇر ئىزدەيمىز. باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرىمىز، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بالىلىرىمىزنى ۋە ئېرىمىزنى ئەيىبلەيمىز، ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا ئازار بەرگەن ـ بەرمىگەنلىك بىلەن كارىمىز بولمايدۇ!

ئەرلەر ئۆزىنىڭ ئابرۇيىغا بەكلا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى، خىزمەتداش ۋە قولۇم ـ قوشنىلىرى ئالدىدا يۈزىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنى

پەقەتلا خالمايدۇ. ئايالنىڭ مۇشۇنداق تۇرلۇك سورۇنلاردا ئۆ-زىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ قويۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا، ئۆيدە يۇۋاش - يۇمشاق، ھەتتا «خوتۇندىن قورقىدۇ» غان ئەرلەرمۇ تالاغا چىققاندا «يولۋاس» قا ئايلىنىدۇ. ئاياللار بەلكىم ئەرلەرنىڭ بۇ خىل ئىككى ياقلىمىلىق مىجەزىگە ھەيران قېلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بۇ باشقا نەرسە ئەمەس، دەل ئەرلەردىكى «يۈز - خاتىرە» مەسىلىسى.

دوستلار يىغىلىشى، تونۇش - بىلىشلەر بىلەن بولغان كېلىپ - كېتىشلەر، كوللېكتىپ پائالىيەتلەر، توپلىشىپ ساياھەت-كە چىقىش... قاتارلىقلار «يۈز - خاتىرە» ئەڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىدىغان پەيتلەردۇر. شۇڭا، مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئېرىڭىزنىڭ تازا «يۈز - خاتىرىسى» نى قىلىپ قويۇڭ، ئۇ ئەركىلەپ ھەددىدىن ئېشىپ كەتسىمۇ، خەقنىڭ ئالدىدا چىداڭ، ئۆيگە كىرگەندە ئانچە - مۇنچە «تاناۋى» نى تارتىپ قويسىڭىز بولىدى-غۇ!

ئەقىللىق ئايال ئېرى بىرەر خىزمەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىغاندا ئۆز ۋاقتىدا سەمىمىيلىك بىلەن ئېرىنى مەدھىيلەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

**ئاياللار شاللاق كۆرۈنۈشتىن، ئەرلەر سالاھىيىتى چۈشۈپ كېتىشتىن قورقىدۇ.**

**— پۇشكىن**

**يار شۇدۇر كۆنسە گەر يار جاپاسىغا،**
**ئارزۇسىنى كۆندۈرسە يار رىزاسىغا.**

**— سەئىدى شىرازى**

## 38 . باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېرىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تەرغىب قىلىڭ

نۇرغۇنلىغان ئەرلەر دائىم ئۆزىنىڭ ھەممە جەھەتتە ئالدىن-قى قاتاردا تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەگەر نىكاھ ئىشىدا ئۇتتۇق-لۇقنى ئىگىلىيەلمىسە، ئۇلار ئۆزىنىڭ پىسخىك جەھەتتىكى تەڭ-پۇڭلۇقىنى يوقىتىپ قويىدۇ. شۇڭا ئەرلەر ئايالىنىڭ مۇلايىم ۋە كەمتەر بولۇشىنى، تۇرمۇشنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى ئائىلىگە قارىتىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇلار شۇنداق بولغاندا ئايالىم تاشقى مۇھىت بىلەن بارا - بارا ياتلىشىدۇ - دە، ئۆزۈم ئۇتتۇقلۇقنى ئىگىلەيمەن، دەپ قارايدۇ. ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلايدىغان ئاياللار بولسا، ھامان ئېرىنىڭ دوستلىرى ياكى خىزمەتداشلىرىدىن ئۆزد-نىڭ نىكاھىغا ياخشى ياكى يامان، ھەق - ناھەق نۇقتىسىدىن ھۆكۈم قىلىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئېرىدىن نارازى بولغان تەرەپلىرىنى، مەسىلەن: ئىقتىدارسىزلىقى، باشقا ئەرلەردەك ئەركەك مىجەز ئەمەسلىكى، قورقۇنچاقلىقى، پۇل تا-پالمايدىغانلىقى... نى سۆزلەپ يۈرىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئېرىنى ئۆيدە قانداق ئەدەبلەيدىغانلىقى، ئۇرغانلىرى، ئۆزىنىڭ ئائىلىسد-نىڭ ئورنىنىڭ ئېرىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ماختىنىش-تىن يانمايدىغان ئاياللارمۇ بار.

ئۆز ئېرىڭىزنى «ئەسكى» دېسىڭىز، خەق ئۆزىنىڭ «ياخ-شى» ئېرىنى سىزگە بېرىپ تۇرمايدۇ. شۇنداقلا ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيدە ھەممىلا جەھەتتىن ئېرىڭىزدىن ئۇستۇن تۇرىدىغانلىقى-ڭىزنى ئېيتسىڭىز، ئىناۋىتىڭىز ئۆسۈپ قالمايدۇكى، ئەر - خو-تۇن ئىككىڭلارنىڭلا خەقنىڭ ئالدىدا يۈزى چۈشىدۇ.

ئېرىڭىزنىڭ دوستلىرى سىزنىڭ دوستىڭىز ئەمەسلىكى، ئې-رىڭىزنىڭ خىزمەتداشلىرىنىڭ سىزنىڭ خىزمەتدىشىڭىز ئەمەسلى-كىنى بىلىشىڭىز كېرەك. باشقا ئاياللارغىمۇ ھەرگىز ئۆز ئېرىڭىز-نىڭ ئارتۇق گېپىنى قىلىپ يۈرمەڭ، ئەر ئۆزىڭىزنىڭ ئېرى بولغاندىكىن ئىمكان بار ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى سۆزلەڭ!

تامىڭىزمۇ قۇلىقى بار، كېسەل ئېغىزدىن كىرىدۇ، بالا - قازامۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ. بۇ سۆزنى نىكاھنى قوغداشنىڭ ئالىي رېتسېپى قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق بىر ئادەم سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئېرىڭىزنىڭ گېپىنى قىلسا ئېرىڭىزنى ماختاي-دىغان گەپنى قىلىڭ، بولمىسا «ھە» لا دەپ قويسىڭىز بولىدۇ.

**يوشۇرۇن يىگنە سانجىيدىغان ياردىن، ئاشكارا ئوق ئاتىدى-غان رەقىبلەر ياخشى، ئىككى يۈزلىمە سۆزلەيدىغان زالىم دوستى-لاردىن قارشى مىجەزلىك دۈشمەنلەر كۆپ ياخشى.**

**— ئەلىشىر نەۋائى**

**مۇبادا ئىرناقچە ئىش قىلسا شۇ ئەر،**
**ياخشى ئايال ئۇنى تاغدەك كۆپتۈرەر.**

**— خۇسراۋ دېھلىۋى**

## 39 . ئۆيدە ئىرىنگىزگە پات ـ پات «زىياپەت» بىرىپ تۇرۇڭ

«بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرنىڭ كەينىدە ھامان ئۇنىڭ تۆھپە قوشۇۋاتقان ئايال بولىدۇ».

گەرچە بۇ گەپ بەك كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن «ياخشى دورا قىرتاق» بولغىنىدەك بۇ گەپنى يەنىلا تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ. مەيلى ئېرىڭىز قانداقلا ئىشتىن ئازراق نەتىجە قازانسۇن، ئۇنىڭدا سىزنىڭمۇ تۆھپىڭىز بار.

ئېرىڭىزنىڭ خىزمىتىگە قارىتا غۇدۇراش ۋە كەلسە ـ كەلمەس تەنقىد قىلىش، شۈبھىسىزكى ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا بولغان چەكسىز گۇمانلىنىش ۋە ئىنكاردىن ئىبارەت. قايسى ئەر بۇنىڭغا چىداپ تۇرالايدۇ.

رېئال تۇرمۇشتىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەرلەر ئىمكان بار ئۆزىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى، ئائىلىسى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىۋاتقان چاغدا ئۇنىڭغا زىياپەت بېرىپ، ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرماسلىققا نېمە سەۋەبىڭىز بار؟

ئەر كىشىنى رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى، ئۇلاردىن تەلەپ قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش، يەنى ئۇنى تەقدىرلەش ۋە ماختاش، ئۇنىڭ كۆرسىتەلەيدىغان تالانتىنى تې-

پىپ چىقىش كېرەك.
رىغبەتلەندۈرۈش ئەرلەر ئۈچۈن خۇددى يېقىلغۇ ماتور ئۈچۈن مۇھىم بولغىنىدەك، بولۇپمۇ، ماتور ئوت ئالمىغان چاغدىكىدەك مۇھىم.

ھەربىر ئەر كىشى مۇھىت قارشىلىق كۆرسەتكەندە، ئۇنى قوغدايدىغان ئايالغا موھتاج، ھېچ بىر ئىشى يۇرۇشمىگەن چاغدا، ھال - كۆنى خەتەرلىك چاغدا، مەغلۇپ بولغان چاغدا، ئەر كىشى ئۆزىنىڭ قارشىلىق كۈچى ۋە ئىشەنچىنى بەرپا قىلىدىغان ئايالغا موھتاج.

ھەربىر ئەركىشى كىچىككىنە غەلىبە تۇيغۇسىغا چۆمگەن چاغدىمۇ يەنىلا ماختاشقا موھتاج. چۈنكى ئەرلەر ئۆزىنىڭ ئاشۇ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئايالنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى چىن كۆڭلىدىن خالايدۇ. سىزنىڭ ئۇنىڭ كىچىككىنە نەتىجىسى ئۈچۈن چەكسىز ھاياجانلانغانلىقىڭىزنى كۆرسە، ئېرىڭىز سىز ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا تېخىمۇ تىرىشىدۇ.

**سۆيۈش دۇنيادىكى بارلىق ياخشىلىقلارنى سۆيگەن ئادەمگە راۋا كۆرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئاتا قىلىش دېمەكتۇر.**

**— ئارىستوتېل**

**دۇنيادا ھەر جىنسكى ھايۋان نامى بار،**
**ھەممىسى ئۆز جىنسى بىلەن بىر ئارامى بار.**

**— خۇسراۋ دېھلىۋى**

# 40 . ئۆي تۇتۇش ماھارىتىڭىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ

بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا جەمئىيەتتە ساھىبجامال كىسەل كۆرپىسى لىن دەيدىغان قىلىشقا رايىڭلار بارمۇ ياكى ساغلام، تولغان ساھىبجامال باۋ چەينىمۇ دىگەن مۇنازىرە بولغاندا، نۇرغۇن ئەرلەر لىن دەيىۇدىن ھۇزۇرلىنىشقىلا بولىدىغانلىقىنى، لىكىن ساغلام باۋچەينى خوتۇن قىلىپ تاللايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

كورنىيە كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «يەنە بىر كۆرسەم» دىكى يۇنجۇ خانقىزنىڭ ئۆي تۇتۇش، تاماق ئېتىش، ئېرى ۋە چوڭلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش... تەك پەزىلەتلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدۇ. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى خوتۇن دىگەن كومجۇدەك ساھىبجامال بولسا، يۇنجۇدەك ئىش بىلەر بولسا نىمىدىگەن بەخت دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ھازىر جەمئىيەتتە يەنە ساھىبجامال، لىكىن قولىدىن ھىچ ئىش كەلمەيدىغان كومجۇنى ئېلىشنى خالامسىلەر ياكى يىقىملىق، ئىشچان، ئەقىللىق، ئىدىتلىق، خۇشخۇي، ئىشچان، ساغلام... يۇنجۇنىمۇ دىگەن مەسىلە مۇنازىرە قىلىنىپ قالسا مىنىڭچە ئەرلەر چوقۇم يۇنجۇنى خوتۇنلۇققا تاللايدۇ، ئەگەر مەنمۇ ئەر بولۇپ قالسام يۇنجۇنى خوتۇنلۇققا ئالاتتىم.

٣

سىزنىڭمۇ ئېرىڭىزگە ياخشى كۆرۈنىدىغان «مەخپىي قو-
رال» لىڭىز بارمۇ؟

ئازراق باغۋەنچىلىك بىلىملىرى، ئۇۋۇلاش تېخنىكىلىرى، تاماق ئېتىش ماھارەتلىرىنى... پەقەت ئېرىڭىزنىڭ ياخشى كۆرۈ-شىگە ئېرىشەلەيدىغانلا بولسىڭىز، ئۆي تۇتۇشقا كېرەكلىكلا بولسا ئۆگىنىپ قويغىنىڭىزنىڭ زىيىنى يوق.

«ئايال خوجايىن» لارنىڭ خىزمىتى ئىنتايىن كۆپ، بالا باققۇچى، كىرچى خوتۇن، ئاشپەز ئۇستام، سېسترالار باشلىقى، مېھمان كۈتكۈچى، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار مۇتەخەسسىسى، قوشۇمچە شوپۇر، كاتىپ ۋە ھېسابچى، مال سېتىۋالغۇچى مۇتە-خەسسىس، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر مۇتەخەسسىسى، ئايال خوجا-يىن، كادىرلار باشقۇرغۇچى، مەسلىھەتچى، غودۇڭشىنىڭ ئوبد-يېكتى، باش دىرېكتور ۋە ئاساسىي باشقۇرغۇچى... بولۇشى كېرەك.

مانا مۇشۇنداق چاچتىن تولا ئىشلارنى مۇۋاپىق، رەتلىك، ئىدىتلىق ئورۇنلاشقا ماھارەت كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، ئېرد-ىڭىزنىڭ نەزىرىدە چاقناپ تۇرغان نۇر ئىكەنلىكىڭىزنى ساقلاپ قالماقچى بولسىڭىز، يەنە ئۆزىڭىزنىڭ سېھرىي كۈچىڭىزنى ساقلا-پ قېلىشىڭىز كېرەك.

**ئۆز ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى تولۇق ئوخشاشمىغان شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەپ، ئۇلارنى كى-شىنى ھاياجانغا سالىدىغان قىياپەتكە كىرگۈزىدۇ.**

**— تاگور**

**باغۋەن ئىش پېيىدا بولمىسا بەزەن،**
**باسىدۇ شۇ ھامان ئەتراپىنى تىكەن.**

**— خۇسراۋ دېھلىۋى**

## 41 . ئېرىكىنزگە ئۇششاق - چۇششەك ئىشلارنى قىلغۇزماڭ

ئەرلەر بازار ئايلىنىش، نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش، ھەتتا ئالدىن كېلىشىۋېلىپ ئۇچرىشىش قاتارلىق ئۇششاق - چۇششەك ئىشلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، بۇ خۇددى ئاياللار پۇتبول ئويناش، ملتىق ئېتىش، ئات مىنىشنى ياخشى كۆرمىگەنىدەكلا بىر ئىش.

مەن ھېچقانداق بىر ئايالنىڭ ئاغزىدىن مېنىڭ ئېرىم مەن بىلەن بازار ئايلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ باقمىدىم (مېنىڭ ئېرىممۇ شۇ). شۇنداقلا مەن بازاردا خوتۇنىنىڭ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، خوتۇنىنىڭ كەينىدىن بارلىق داڭلىق ماگىزىنلارنى ئارىلاپ يۈرگەن ئەرلەرنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ چىرايىنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. مەجبۇرلانغان، بىتاقەتلىك، ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان چىرايلاردىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئايالىغا ياكى سۆيگۈنىگە ھەمراھ بولۇپ ماگىزىن ئارىلاش ھەممە ئەرلەر ئۈچۈن بىر خىل باش ئاغرىقى. نەرسە - كېرەك نەرسە - كېرەك سېتىۋالىسۇن - سېتىۋالمىسۇن بىكاردىن بىكار بىرقانچە سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ماگىزىنىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىن ئۈستۈنكى قەۋىتىگىچە ھەممە يەرنى تەپسىلى بىر

قېتىم ئارىلاپ چىقىدۇ. بۇنداق قىلمىسا كۆڭلى ئۇنىمايدۇ.

«چوڭ» ئەرلەرنىڭ «چوڭ - چوڭ» ئىشلارنى قىلىشى بۇزۇلماس ھەقىقەت، بىر ياخشى خوتۇن ھەرگىزمۇ «چوڭ» ئىشلارنى تەۋرىتىش ئىرادىسى بار ئەرلىرىنى «ئۇششاق - چۈشەك» ئىشلارغا سالمايدۇ. ئۇلارنى ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا زورلىغاندىن كۆرە، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىنى ئۆزىڭىز قىلغىنىڭىز تۈزۈك.

«ھەركىمنىڭ ھەۋىسى باشقا» ئېرىڭىزنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىشىغا يول قويۇڭ! ئەگەر سىزنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىڭىزغا دەخلى يەتكۈزىدىغان ئىش بولمىسىلا!

**ئۆيلىنىش — ئۆز ھوقۇقلىرىڭنىڭ يېرىمىنى قىسقارتىش ۋە مەسئۇلىيىتىڭنى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇش دېگەنلىكتۇر.**

**— شاپېنگائوئېر**

**ئىللىقلىق بىلەن تولسۇن روزىغارىڭ،**
**قوپاللىق بۇزمىغاي سەبرۇ - قارارىڭ.**

**— ئابدۇشۈكۈر بەلخى**

## 42 . باشقىلار بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەن ۋاقتىڭىز بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتمىسۇن

مەلۇم بىر مودا ئەر ـ ئاياللار ژۇرنىلىنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە، توي قىلىپ بولغان ئاياللار ئىچىدىكى مۇنداق ئۈچ خىل ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئادالەتسىز مۇئامىلىسىگە ئۇچرايدىكەن:

نامى چىقىپ قالغان ئاياللار؛ كىچىك ئىشنى چوڭ قىلىۋېتىدىغان، دائىم كوتۇلدايدىغان ئاياللار؛ تېلېفوننى قولىغا ئېلىۋالسا سائەتلەپ سۆزلىشىدىغان ئاياللار.

بەزى ئاياللار مەيلى ئۆزى تېلېفون قىلسۇن ياكى باشقىلاردىن تېلېفون كەلسۇن تېلېفوندا سۆزلەشكەن ۋاقتى ئاز دېگەندە 40 مىنۇت بولمىغۇچە تېلېفوننى قويۇۋەتمەيدۇ. بىر گەپنى تەكرار نەچچە ئېيتىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇۋېتىدۇ. ھەتتا يەنە بەزى قىلىقسىز ئاياللار باركى، خەقنىڭ ئۆيىگە بېرىپ توختىماي ئۇياق ـ بۇياققا تېلېفون قىلىپ ساھىبخانىنى قان قىلىۋېتىدۇ. ھەتتا خەقنىڭ ئۆيىگە ئۆلۈم پەتىسىگە بېرىپ، ھازىدارنىڭ تېلېفونىنى ئىشلىتىپ چاي ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئاياللارمۇ بار.

ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيىدىغان بىر ئايال ھەرگىزمۇ ئىشى بولسۇن ـ بولمىسۇن باشقىلار بىلەن تېلېفوندا ئەھمىيەتسىز گەپلەرنى تەكرار ـ تەكرار ئېيتىپ، سائەتلەپ سۆزلەشمەيدۇ.

ئاشۇنداق تېلېفوننى قولغا ئېلىۋېلىپ قويۇۋەتمەيدىغان ئايال پەقەت مۇنداق ئۈچ خىل نەتىجىگە ئېرىشىدۇ:

① ئۆزىنىڭ پۇلىنى ئىسراپ قىلىدۇ؛
② باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئالىدۇ؛
③ ئېرىنىڭ كەيپىياتىنى ناچارلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئۇنىڭدىن سىرت، تېلېفوندا مۇنداق ئۇزۇن سۆزلىشىدىغان ئاياللار باشقىلاردىن كەلگەن تېلېفوندىمۇ شۇنداق ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سۆزلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەسلىدە بىر ئوبدان ياخشى كۆڭۈل بىلەن ئەھۋال سوراپ ئۇرۇلغان تېلېفوننى تېتىقسىزلاش- تۇرۇپ، قايتا تېلېفون ئۇرۇشتىن قورقىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

تېلېفون ئۇرۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالماسلىق، گەپ بولسا گېپىنى تۈگىتىپلا خوشلىشىش، مۇھىم ئىشى بولمىسا قىسقىلا ئەھۋاللىشىش زۆرۈر. مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىشلاردا، يەنى دوست ـ بۇرادەر، يېقىن ـ يورۇقلىرىڭىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە، بېشىغا قايغۇ كەلگەن چاغلاردا، ھېيت ـ بايراملاردا، تەبرىكلەش كېرەك بولغان بەزى ئىشلاردا، بىرەر مۇھىم نەرسىنى سوراش زۆرۈر بولغاندا، سېغىنغاندا... تېلېفون ئۇرۇپ تۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن ۋاقىت كونترول قىلىنىشى كېرەك.

**تۇرمۇشۇمنىڭ شۇقەدەر ئاددىي ئۆتۈۋاتقانلىقىغا ھەرگىز كۆڭلۈم يېرىم بولمايدۇ، بىردىنبىر ئەپسۇسلىنىدىغىنىم بىر كۈننىڭ تولىمۇ قىسقىلىقى ۋە شۇقەدەر تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقى.**

**— كىيۇرى خانىم**

**سۆز تىنىق كېلىدۇ كۆڭۈلگە زىلال...**
**تەكرارىدىن كېلىدۇ كۆڭۈلگە مالال...**

**— ئابدۇراخمان جامىي**

# 43. دائىم ئېرىككىنى يالغۇز ئۇخلاشقا مەجبۇر قىلماڭ

ئۆزئارا پاراڭلاردا بەزى ئاياللارنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق گەپ-لەرنى ئاڭلاپ قالىمىز:

— ئېرىمىڭ قاچان قايتىشىم بىلەن كارى يوق، ئىشقىلىپ ئۆيگە بارسىلا بولدى.

— مەن بالام بىلەن ئۇخلايمەن، بالام مېنى پۇرىمىسا ئۇخلىيالمايدۇ.

— دائىم تېلېۋىزور كۆرۈپ يېرىم كېچىلەردە ياتىمەن، ئېرىم ئۆزى ئۇخلاۋېرىدۇ.

— ئىككىمىز ئىككى ئۆيدە ياتىمىز. بىللە ياتسام كۆنەلمەي-دىكەنمەن.

...............

ئەرلەر مۇنداق بەش تۈرلۈك نەس ئىشقا ئۇچراپ قېلىشتىن ئەڭ قورقىدۇ:

① ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەسلىك؛

② مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش؛

③ خوجايىنى زەھەرخەندە بولۇش؛

④ قەرزگە بوغۇلۇش؛

⑤ خوتۇننىڭ «كېچىدە لاغايلاپ يۈرىدىغان» بولۇپ قېلىشى.

ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى تەكىتلىنىپ، ئاياللار ئازاد بو ـ لۇپ، ئاياللار نۇرغۇن جەھەتتە ئەركىنلىككە ئېرىشتى. بۇرۇنقىدەك بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ قوللاردەك تۇرىدىغان ھالەتلەر ئۆزگەردى. بىراق، بۇ ئاياللارنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇپ قالسۇن دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ھەرقانچە ئەركىن بولغاندىمۇ، لېكىن ئېرىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى مۇنداق «چەكسىز» ئەركىنلىك نىكاھتىكى قەرەللىك بومبىدۇر. ئەگەر ھەرۋاقىت ئېرىڭىز ئاشۇنداق يالغۇز ئۇخلاۋېرىدىغان بولسا، ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق سۆز ـ ئالاقە، چۈشىنىش بولمايدۇ ـ دە، بارا ـ بارا زېرىكىش كەيپىياتى پەيدا بولۇپ، ئەر كىشى كۆڭلىدە سىزدىن نارازى بولۇشقا باشلايدۇ. چۈنكى ئەرلەر يالغۇزلۇقتىن، يالغۇز ئۇخلاشتىن قورقىدۇ. شۇڭا، ئېرىڭىزنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، يەنىلا ئۆزىڭىز بىلگەنچە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈشتىن قەتئىي ھەزەر ئەيلەڭ. چۈنكى، ئېرىڭىز ئاغزىدا سىزدىن رەنجىگەنلىكىنى ئىپادىلىمىگەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە ئاللىقاچان سىزدىن خاپا بولۇشقا باشلىغان بولىدۇ.

**نىكاھلاشقانلار ئۆزلىرىنى ھەددىدىن زىيادە ئەركىن ھېس قىلىشسا، مۇھەببەت ئۆلىدۇ.**

**— سېنانكۇر**

**ئەگەر ئۆزۈڭ سوغۇق تاشتەك سوغۇق بولساڭ،**
**ئىسستالماس ئاتاڭ تەپتى، قانچە قىلساڭ.**

**— ناسىر خىسراۋ**

## 44 . سۈرەتلەرنى تەرتىپى بىلەن رەتلەپ قويۇڭ

ئائىلە دېگەن نېمە؟ ئائىلە — كونا ئۆي، كونا ئائىلە سايمانلىرى، كونا جاھازىلار، كونا چىراغ، كونا ئادەت، كونا سۈرەت، كونا يول، كونا دەرەخ، كونا قۇدۇق، كونا ... دېگەنلەردىن ئىبارەت. ئاي يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئائەملەرمۇ ئۆزگىرىدۇ. تونۇشقاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان بارلىق تارىخىڭلارنىڭ شاھىدى دەل سىلەر ئەينى ۋاقىتتا چۈشكەن سۈرەتلەردۇر.

سۈرەتلىرىڭلارنى تىزىپ، بىر ياقتىن كۆرۈپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىشىپ، ئۆزۈڭلاردىكى مىسلىسىز ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلىش، ھېسسىياتىڭلارنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان ئوتلار، ئۇنتۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ۋەقەلەر، سەل قارىلىشقا باشلىغان نۇرغۇن نەرسىلەرگە قايتىدىن سەپ سېلىش، تۇرمۇشۇڭلارنىڭ باشقىدىن جانلىنىشىغا ئىنتايىن پايدىلىق. سۈرەتلەرنى رەتلەش ئەمەلىيەتتە بىر خىل كەيپىياتنى رەتلەشتىن ئىبارەت.

ئېرىم ئىككىمىزدىكى يەنە بىر ئورتاق ھەۋەس سۈرەتلەرنى زېرىككەن چېغىمىزدا چۈۋۈپ قايتىدىن رەتلەش ۋە سۈرەت پلاستىنكىسى قىلىپ ئىشلەپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئىككىمىز ھەر قېتىم

يىل تەرتىپى بويىچە رەتلەنگەن سۈرەتلەرنى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا تۈرلۈك ئىشلار يادىمىزغا كېلىدۇ. ئەينى چاغدىكى ئۆتتەك قىز-غىن، ئاتتەك جۇشقۇن ئۆتكەن كۈنلەر بىزگە باشقىدىن ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ. تۇرمۇشىمىزدىكى بەزىبىر كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ئورنىنى قىزغىن ھېسسىياتلار ئىگىلەيدۇ.

قېنى سىلەرمۇ شۇنداق سىناپ بېقىڭلار! ھازىرقى سىلەر بىلەن «ئەينى چاغدىكى» سىلەرنى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭلار! كۆز ئەتراپىڭلاردا بىرنەچچە تال قورۇق كۆپەيگەندىن باشقا يەنە نېمىنى بايقىدىڭلار؟ بىر پارچە كونا سۈرەت سىلەرنى «ئىلگىرىد-كى» قايناق ھېسسىياتقا چۆمگەن، مۇھەببەتلەشكەن چاغلىرىڭ-لارغا باشلاپ بارىدىمۇ؟

**مۇھەببەتكە خىلمۇخىل ھېس - تۇيغۇلار يەنى قايغۇ - ھەس-رەت، ھۇزۇر - ھالاۋەت، خۇشاللىق، ھەتتا غەزەپ - نەپرەتمۇ قوشۇلۇپ كېلىدۇ.**

**— ئۇشىنسكى**

**سىلى ئاشىقلىق مەشۇقىغە دىل بەرمىگىن،**
**دىلىڭ بەرسەڭ تېگى بىلەن ئۈزۈپ بەرگىن.**

**— سەئىدى شىرازى**

## 45 . ئېرىڭىزگە دائىم سوۋغات بېرىپ تۇرۇڭ

ئادەملەردە بىر تەبىئىي خۇسۇسىيەت بار. ئۇ بولسىمۇ باشقىلارنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىشنى ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت. پادىشاھلار ۋەزىرلىرىنى پۇل، ماددىي بۇيۇم، ئەمەل ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن تارتۇقلايدۇ؛ ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ئويۇنچۇق، كىيىم ـ كېچەك، كەمپۈت قاتارلىقلار بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. بىر ئادەم مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن مۇشۇنداق «تارتۇق ـ مۇكاپاتلار» ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

مۇھەببەت بىر ئابستراكت ئۇقۇم، ئەگەر ئۇ يېيىش، ئىچىش، كىيىش، ئۇخلاش، پۇل ساناش... قاتارلىق كونكرېت نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، مەڭگۈلۈك بولالماي قالىدۇ. ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز چەكسىز مۇھەببەتتىن باشقا ھېچنېمىسى يوق بىر بىچارە ئاشىققا تېگىپ بېقىڭ، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىڭىز قانچىلىك داۋاملىشىدىكىن. دېمەك، ئەرلەرمۇ خوتۇنلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە مەلۇم بىر نەرسە ئارقىلىق مۇھەببەتنى ئىپادىلەشنى ئارزۇ قىلىدۇ. گەرچە ئاغزىدا ئېيتمىسىمۇ، لېكىن ئېرىڭىزنىڭ سىزنىڭ سوۋغىڭىزنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى كۆزىگە قارىسىڭىزلا، ئۇنىڭ قانچىلىك خۇشال بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلەيسىز.

شۇڭا، ئېرىڭىزگە دائىم چاقماق، بەلۋاغ، پورتمال، پايپاق، كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ تۇرۇڭ. سىزنىڭ بەرگىنىڭىز تامچە بولسا، ئېرىڭىزنىڭ سىزگە بېرىدىغىنى مەڭگۈ قۇرىماس بۇلاق بولىدۇ.

«سۆيگۈنۈڭ بىلەن بىللە بولساڭ، كەپىدىمۇ جەننەتتىكىدەك ياشايسەن» دېگەندەك دەبدەبىلىك سۆزلەرگە ئىشىنىپ كەتمە، ئىدىكاھ پەقەت مەنىۋى بىرلىشىشلا ئەمەس، يەنە ماددىي بىرلىشىشتۇر. ئائىلە قۇرۇشقا ئىنتىلگەن ئىكەنسەن، ماددىي جەھەتتىن قانچىلىك تەمىنلىيەلىشىڭنى، ئائىلەڭدىكىلەرگە باشپاناھ بولۇش - بولالماسلىقىڭنى ئويلاپ قوي.

— سوخوملىنىسكى

قازى يېسە گەر بەش تەرخەمەك پارە،
يۈز دەررە ھۆكمىگە تاپىدۇ چارە.

— سەئدى شىرازى

## 46 . ئىرىڭىزگە كىيىم ئالسىڭىز سۈپەتلىكىنى ئېلىپ بېرىڭ

تۇزنىڭ قىرغاۋۇلدىن ئېسىل بولۇشى، سۇمرۇغنىڭ بۈركۈتتىن ئىقتىدارلىق بولۇشى، ئەينەكنىڭ مۇز پارچىسىدىن سۈزۈك بولۇشى ناتايىن. ئېمىشقا بەزى ئەرلەر قارىماققا ھامان «ئېسىل سۈپەت» كۆرۈنىدۇ؟ بەزى ئاياللار قارىماققا ئانچە چىرايلىق ھەم ئۇز ئەمەس، لېكىن ئادەمنى ئۆزىگە «مەھلىيا» قىلالايدۇ؟

«ئادەم سەتى ئەمەس، كىيىم سەتى». كۆزنى يۇمۇشقا بولمايدىغان بىر ھەقىقەت شۇكى، كىشىلەر ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە قاراپ باھا بېرىدۇ. ئېتىراپ قىلمىسا بولمايدىغان ھەقىقەت شۇكى، جەمئىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى كىشىلەر ئادەمگە قانچىلىك پۇلى بارلىقىغا قاراپ باھا بېرىدۇ. كىم پۇل تاپالىسا، شۇنىڭ ئىقتىدارى بار دەپ قارىلىدۇ ھەم جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.

مەن بىر قېتىم، كىيىم ئادەم ئۈچۈن زادى قانچىلىك مۇھىم؟ دېگەننى سىناق قىلىپ باقتىم. يەنى بىر تويغا قەستەن ئىنتايىن ئاددىي بىر كۆينەكنى كىيىپ باردىم، مەن بىلەن بىللە بارغان يەنە بىر ئايال ئەلۋەتتە ئىنتايىن ئېسىل كىيىنگەن ئىدى. ئۆيدىن چىقىشىمغىلا ئۆزۈمنىڭ سەل بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى

ھېس قىلدىم ھەم سىناق نەتىجىسىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ بولدۇم. شۇنداقتىمۇ ھەقىقىي سىناقتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن مەردانە ھالدا زالغا كىردىم. ئەلۋەتتە مەن باشقىلارنىڭ ئازراقمۇ دىققىتىنى قوزغىيالمىدىم، دېمەك، ئاخىرقى نەتىجە، سىزنىڭ قانچىلىك بىلىملىك، پەزىلەتلىك، ياخشى بولۇپ كېتىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، باشقىلارغا ئالدى بىلەن چېلىقىدىغىنى تاشقى قىياپەت، كىيىم ـ كېچەك، باشقىلار جەلپ قىلارلىق تاشقى قىياپەت ئارقىلىق ئاندىن سىز بىلەن يېقىنلىشىدۇ، مۇئامىلە قىلىدۇ.

دېمەك، «چوڭ» ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئەرلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ يۈرۈشۈشى، سودىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ۋە باشقىلارغا ياخشى تەسىر بېرىشى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ئېرىڭىزگە كىيىم ئالسىڭىز سۈپەتلىكىنى ئېلىپ بېرىڭ (گەرچە ئانچە قىممەت بولمىسىمۇ).

**ئەركەكلەر ئۆزىنىڭ غەيرىتى ۋە ھىممىتى بىلەن ئەرەنلەر قاتارىدا تۇرالايدۇ، زىبۇزىنىتى بىلەن پەخىرلەنگۈچىلەر ئەر ئەمەس.**

**— ئەلىشىر نەۋائىي**

**ئەتلەس ۋە يۇڭدىن لىباس ئەمەس ئادەمنىڭ شەۋكىتى،**
**بۇ ماتالار ئەكسىچە ئوت يالقۇنىنىڭ زىنىتى.**

**— ئابدۇقادىر بېدىل**

# 47 . كۆندە ئورۇقلاش جىددىي قىلماڭ

مېنىڭ بىر قوشنام ناھايىتى سېمىز، سېمىز بولغاندىمۇ ياشقا يېرى ئەمەس، قورسىقى ئوڭ تەرەپكە تومپىيىپ چىققان سېمىز. مەن بەزىدە تېلېۋىزوردىن كۆرگەن ئورۇقلاش دورىلىرىنى ئۇ قوشنامغا تونۇشتۇرۇپ كېتىمەن، خىيالىمدا ئۆزىنىڭ سېمىزلىكىدىن چوقۇم كۆڭلى يېرىم بولىدۇ دەپ ئويلىسام كېرەك، راست گەپنى قىلسام، مەن ئەگەر ئۇ قوشنامنىڭ ئورنىدا بولسام بەلكىم كۆندە قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە يۈرگەن بولاتتىممىكىن. بىراق، بۇ قوشنامنىڭ پىسخىكىسىنىڭ ساغلاملىقى مېنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇردى، ئۆزىنىڭ سېمىزلىكىدىن ئۆزىنى ياراتمايدىغان ئىشنى قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ بەدىنىگە ماس كېلىدىغان پوسۇنلاردا شۇنداق چىرايلىق كىيىم تىكتۈرۈپ كىيىۋالىدىغان بولسا كۆزلىرىمگە بەزىدە ئىشەنمەيلا قالىمەن. سېمىزلىكىدىن ئىش خۇشياقمىسا بولاتتى، بىراق ھەرقانداق يەرگە بارسا ئايىغى يەرگە تەگمەي ئىش قىلىپ، ياردەملىشىپ، ساھىبخانىنىڭمۇ، مېھمانلارنىڭمۇ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالىدۇ، يولدىشىنىڭ ئامراقلىقىچۇ تېخى!

ھەممە ئادەم گۈزەللىكنى سۆيىدۇ، ئاياللار ئۆزىنىڭ جەزىبىدارلىقى ۋە چىرايلىق فىگۇرىسىنىڭ بولۇشىنى، مەڭگۈ قېرىماس-

لىقىنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن، جەزبدارلىقنى ئۆزىڭىزنىڭ ساپارد-ىڭىز ئارقىلىق ساقلاپ قالسىڭىزمۇ، لېكىن قېرىماسلىقتا، ئىرسىي سېمىزلىككە ھەقىقەتەن ئامال يوق.

ئۆزىڭىزگە مۇۋاپىق كەلگىنى ئەڭ ياخشى بولغىنى، ئېرد-ىڭىزنىڭ تولغان ئاياللارنى ياخشى كۆرىدىغىنىنى بىلگەن تەقدىر-دىمۇ سېمىززەك بولۇپ كەتسىڭىز نېمە بوپتۇ؟ كۈندە ئورۇقلىسام بولاتتى دەپ جېدەل قىلىشنىڭ ئورنىغا مېنىڭ قوشنامدەك ئۆزد-ىڭىزنى خۇشال - خۇرام تۇتسىڭىز تېخىمۇ ئوماق كۆرۈنمەمسىز؟

ياش چاغدىكى ئەر - خوتۇن قېرىغاندا ھەمراھ دەپتىكەن، ئېرىڭىزنىڭ ئاۋازىغا ئەستايىدىل قۇلاق سېلىش، ئارزۇ - ئۈمىد-لىرىنى قاندۇرۇش، مۇرادىنى ھاسىل قىلىش — مۇھەببەتنىڭ نامى بىلەن نىكاھىڭلار ئۈچۈن قىلغان ئەڭ ئاقىلانى ئەڭ جەلپ قىلارلىق، ئەڭ گۈزەل تاللاشتۇر.

سىزنىڭ بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئۆزىڭىزنىڭ تېنىڭىزنى كەم-ستمەيدىغان بولغىنىڭىزنى تەبرىكلەيمەن.

**بىر ئايال پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىپ بىر مەھەل ئۆزىنى كۆرسىتىۋېلىشى مۇمكىن، بىراق باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي - پەزىلىتىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرىدۇ. ھەقىقىي گۈزەللىك گۈزەللىكنىڭ ئۆزىدە نامايان بولۇپ تۇرىدد-غان روھىي تېتىكلىكتە.**

**— روسسو**

**كىشى ئۆزلۈكىدىن ياخشى يە يامان،**
**قەدىرلىك خار ۋە زار، غەمكىن، شاد - خۇرام،**
**ئەقىل ئېيتار: بۇلارنى پەلەككە ئارتما،**
**پەلەك سەندىن ئاجىز بىچارە ھامان.**

**— ئۆمەر ھەييام**

## 48 . ئۆزىڭىزگە خاس بىر ھەۋەس يېتىلدۈرۈڭ

يىللار ئۆتكەنسېرى ئادەم تەنىنىڭ قېرىپ، ماغدۇرسىزلىنىشى ۋاتقانلىقىنى، گەپلەرنىڭ تولىمۇ كېتىۋاتقانلىقىنى، بارغانسېرى سولۇۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. پەقەت بىرلا نەرسە بار، كۆڭلەرنى يېڭى ھەم مەزمۇنلۇق قىلىدىغان. ئۇ بولسىمۇ — ئورتاق ھەۋەس ۋە قىزىقىش!

ئەرلەرنىڭ ھەممىسى «ئاياللىق پۇرىقى» بار ئاياللارنى ياقتۇرسىمۇ، بىراق بۇ خىل «پۇراق» نىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىگە ئۆزىمۇ بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيدۇ.

ھەرقانچە گۈزەل بولسىڭىزمۇ، فىگۇرىڭىز ھەرقانچە چىرايلىق بولسىمۇ، لېكىن سىزدە مۇشۇلاردىن باشقا نەرسە بولمىسا، قېرىغانسېرى سىزدىكى گۈزەل چىراي ۋە فىگۇرىلار يوقايدۇ. ئۇ چاغدا سىزدە ھېچنىمە قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرلەرمۇ پەقەت ئۆي ئىشىنى قىلىپ، تاماق ئېتىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، ئىچكى دۇنياسى قۇپقۇرۇق، ھېچقانداق ھەۋەس، قىزىقىشى يوق بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈشى ناتايىن.

شۇڭا، ئېرىڭىز ئىككىڭلارغا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدىغان، تۇرمۇشۇڭلارنى بېيىتىپ، سىلەرنى زېرىكتۈرمەيدىغان بىرەر ھەۋەس سىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئۆزىڭىزنىڭ ساپايىڭىزنى

ئۆستۈرۈش، دەل ئۆزىڭىزدە «پۇراق» پەيدا قىلغانلىقىڭىز ئە-
مەسمۇ؟

ۋاقىتنى پەرداز بىلەن قورۇقلىرىنى يېپىپ، ئاق چاچلىرىنى بوياپ، فىگۇرىنى ساقلاپ قېلىشقا سەرپ قىلغان ئاياللارنى مەغ-لۇپ بولغۇچى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ نىشانى ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق نەرسىنى خام - خىيال قىلىشتۇر.

— سوفىيە روللان

جاھان باشتىن ئاياغ ھېكمەتتۇر ھېكمەت،
نېمىشقا غەپلەت بىزگە بولۇپتۇ قىسمەت.

— ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى

## 49 . بەخت نەدە؟ ئۆسىز بولسىكەن دېگەن يەردە

مەن ئىلگىرى مۇنداق بىر ھېكايىنى ئوقۇپ يىغلاپ كەتكەنىدىم. ھازىر مۇشۇنى يېزىۋېتىپمۇ يەنە يىغلىغۇم كېلىپ تۇرىدۇ، دېمەك بۇ ھېكايە ماڭا ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلغان بولسا كېرەك.

بىر جۈپ ئەر ـ ئايال بار ئىكەن، ئايالى ئېرىدىن پەقەتلا رازى بولمايدىكەن، ئۆزىنى بەك شور پېشانە ھېس قىلىدىكەن. ئېرى كېلىشى بىلەنلا ئۇ تولىمۇ تۈگىمەس تاپا ـ تەنە، نارازىلىقلىرىنى ياغدۇرۇۋېتىدىكەن، لېكىن ئېرى ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ قارشى گەپ قىلمايدىكەن. سىزنىڭ دېگىنىڭىز توغرا، مەن خاتا قىپتىمەن دەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ خوتۇن زادى چىدىغۇچىلىكى قالماي ئېرى ئىشتىن كېلىشىگىلا ئۇنى ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، بۈگۈن بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ كەمچىلىكلىرىمىزنى ئۆزئارا سۆزلەپ چىقايلى ۋە شۇنىڭغا قارىتا تۈزىتەيلى، قېنى كىم باشتا سۆزلەيدۇ؟

ئېرى تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چەككىنىچە:

— قېنى، سىز باشلاڭ، — دەپتۇ.

ئايال بارماقلىرىنى پۈكۈپ بىر باشتىن ساناشقا باشلاپتۇ:

① سىزنىڭ پۇتىڭىز پۇرايدۇ؛ ② پايپىقىڭىزنى ۋاقتىدا يۇمايسىز؛ ③ ھەممىلا يەردە بىر نەرسىلىرىڭىز چېچىلىپ تۇرىدۇ؛ ④ تاماكا چېكىپ ئۆينىڭ تاملىرىنى ئىسلىۋېتىسىز؛ ⑤ ئۆيگە كىرگۈچە ئايىقىڭىزنىڭ تېگىنى پاكىز سۈرتۈپ كىرمەيسىز... دېگەندەك 28 خىل يېتەرسىزلىكىنى ساناپ چىقىپتۇ ۋە ھېرىپ كېتىپ توختاپتۇ ـ دە، ئېرىگە:

— قېنى ئەمدى سىز ئېيتىڭە، مېنىڭ قانداق يېتەرسىزلىك-لىرىم بار؟ — دەپتۇ.

ئېرى تاماكىنىڭ ئىسلىرى كۆزلىرىگە كىرىپ، كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرغىنىچە خوتۇنىغا بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— قەدىرلىكىم، ھەر قانچە ئويلاپمۇ سىزنىڭ قانداق يېتەر-سىزلىكىڭىز بارلىقىنى بىلەلمىدىم.

ئايال بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئېرىنى قۇچاقلاپ ھۆكىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە شۇندىن ئېتىبارەن ئېرىدىن قۇسۇر ئىزدىمەيدىغان بوپتۇ.

مانا بەخت دېگەن، بۇنىڭ ئۆزى مۇھەببەت، بارلىق تەرەپ-لىرىنى ياخشى كۆرۈش، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنىمۇ ياخشى كۆرسە، كەڭ قورساقلىق قىلالىسا ئاندىن ئۇ ھەقىقىي مۇھەببەت بولىدۇ. قانچىلىك ئايال مۇشۇن-داق مۇھەببەتكە سازاۋەر بولالايدۇ؟ قانداق ئايال مۇشۇنداق مۇھەببەتنى، بەختنى ھېس قىلالايدۇ؟

ئادەتتە رېئال تۇرمۇشتا ھامان باشقىلارنىڭ تاشقى كۆرۈ-نۈشتىكى «بەخت» لىرىگە تىكىلىپ تۇرۇۋالىمىز، باشقىلارنىڭ بىزدىن «ئېشىپ» كەتكەن تەرەپلىرىنىلا كۆرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ

بەختلىك ياشاۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىمىز. «بەخت ئىچىدە تۇ-رۇپ، بەختنى كۆرەلمەيمىز».

بىر كۈنى يولدىشىم بىلەن ئىككى بالامنى ئېلىپ سىرتتا تاماقلانغاچ سەيلە قىلىپ كەلدۇق، ئالدىمىزدا ئىككى بالىمىز قىيغىتىپ، سەكرىشىپ، بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، شۇنداق خۇ-شال ئويناپ يۈرەتتى، تۇيۇقسىز ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى بەختلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، كۆزلىرىمگە ياش كەلدى، بەخت پەقەت بىز ھېس قىلالىغان يەردىكەن ئەمەسمۇ؟

مۇشۇكچە مۇھەببەت بولمىسا ئەسلا،
كۈچۈكتىن ئۆگەنگىن تەرىقىي ۋاپا.
— خۇسراۋ دېھلىۋى

ئىشقدۇر ئەبەدىيلىك ئەۋجىدە ئاپتاپ،
ھايات چىمەندە بەختتىن خىتاپ،
بۇلبۇلدەك نالە قىلماق ئىشىق ئەمەس،
ئىشىق ـ نالە قىلماسلىق، ئاگا يۈز قاراپ.
— ئۆمەر ھەييام

## 50 . ئېرىڭىزنىڭ ئۆيدە سىزگە قىلغان ئانچە - مۇنچە ياردەملىرىنى ھارغىنچە ماختاڭ

ئاياللار قىلىدىغان ئىشنىڭ كۆپلىكىدىن ھەممە ئىشقا يېتىشىپ بولالمايدۇ، بەزىدە چارچىغىنىدىن بىر ۋاخ تاماق ئېتىشمۇ خۇشياقماي قالىدۇ. مۇشۇنداق چاغدا، بەزى كۆيۈمچان ئەرلەر ئايالىنىڭ ھېرىپ كەتكىنىگە قاراپ ئىچى ئاغرىپ:

— بولدى، سەن يېتىۋالغىن، بۈگۈنكى كەچلىك تاماقنى مەنلا ئېتىۋېتەي، — دەيدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى مۇھەببەتنىڭ يەنە بىر خىل ئىپادىسى.

دېمەك، ئۇنىڭ تاماق ئېتىش - ئەتمەسلىكى پوزىتسىيە مەسىلىسى، تامىقىنىڭ ئوخشاش - ئوخشىماسلىقى تېخنىكا مەسىلىسى، ياخشى ئاياللار ھامان ئېرىنىڭ تېخنىكىسىغا ئەمەس، بەلكى پوزىتسىيىسىگە ئېتىبار بېرىدۇ، ئەخمەق خوتۇنلار ھەر ئىككىسىگە ئېسىلىۋالىدۇ - دە، توختىماي كوتۇلداشنى باشلايدۇ:

— تۇزىنى سەل ئۆتكۈزىۋېتىپسىز، شېكەرنى جىق سېلىۋېتىپسىز، رەڭگى سەت بولۇپ قاپتۇ، قازان بېشىنى نېمىدېگەن مەينەت قىلىۋەتكەن، ۋايىەي، ئۆزۈملا قىلغان بولسامچۇ! بەربىر ئاشخانىنى ئۆزۈم بېسقتۇرىدىكەنمەن!

قايسىبىر ئادەم قىلغان ئەمگىكىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن

ئىنكار قىلىنىشىنى، سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراشنى ياقتۇرىدۇ؟ ئەرلەر خوتۇنلىرىنىڭ ئالدىدا مەڭگۇ چوڭ بولمايدىغان بالا، ئۇلار ئىلھاملاندۇرۇش ۋە ماختاشقا موھتاج!

**ئەگەر ئايال ئەرنى سۆيمىسە، ھەممە نەرسىنى ھەتتا ئىلگىرى ئۆزى قىلغان ناز - كەرەشمىلەرنىمۇ ئۇنتۇيدۇ.**

**— لابرىيوير**

**سۆيۈلسە كىشى ئەيىبى — پەزلى سىزىلۇر،**
**سۆيۈلمىسە پەزلى قۇسۇر تۇيۇلۇر.**

**— يۇسۇپ خاس ھاجىپ**

## 51 . ئېرىقىزنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە چەمبىرىكىگە خۇشاللىق بىلەن قېتىلىڭ

ئىجتىمائىي ئالاقە ئادەتتە باردى ـ كەلدى قىلىش، ئۇچرىدىشىش، گەپ ـ سۆز، مېھماندارچىلىق، ئۆزئارا مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما، بۇ ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ جەريانى، مەزمۇنى شۇ ئادەمنىڭ مەلۇماتى، تەربىيىلىنىشى، ماھارىتى، نەزەر دائىرىسى قاتارلىقلار بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. بۈگۈنكى دەۋر رىقابەت دەۋرى. شۇڭا، ئىجتىمائىي ئالاقە رىقابەت جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم ھالقا، ھەتتا، ھەل قىلغۇچ ئامىل دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

بىر ئايالنىڭ بىر ئەرنى چۈشىنىشىدىكى ئەڭ ياخشى يول ئۇنىڭ دوستلىرى بىلەن تونۇشۇش. «مال تۈرى بىلەن، ئادەم خىلى بىلەن» دېگەندەك بىر ئادەمنىڭ ئارىلاشقان ئادەملىرىگە قاراپلا ئۇنىڭ ئەخلاقىغا، ئىستىقبالىغا، ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

پەيلاسوپلارنىڭ قارىشىچە: دۇنيادا بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشايدىغان ئىككى تال يوپۇرماق بولمىغىنىدەك، بىر ـ بىرىگە

پۇتۇنلەي ئوخشايدىغان ئىككى ئادەممۇ بولمايدۇ. شەك ـ شۈب-ھىسىزكى، ئەرلەر تۇرمۇش ئۇسۇلىغا بولغان ھۆرمەت، قوللاش، ھەمدە ئۇنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا تىرىشىپ ماسلىشىش ئاياللار-نىڭ ئالدىغا قويۇلغان بىر تېخنىكىلىق مەسىلە.

بىر ئايال ئۇچۇن مۇلايىم، سەممىي پوزىتسىيىدە بولۇش ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر خوتۇنى ئادەتتە چىقىشقاق بولسا، كۆرۈش-كەن ئادەمگە سالام بېرىپ، پەيتى كەلگەندە ئىككى ئېغىز گەپ قىلالىسا، ئۇنداقتا بۇ ئەرنىڭ ئابرۇيىغىمۇ، ھەتتا مۇۋەپپەقىيىتى-گىمۇ پايدىسى تېگىدۇ.

ئادەتتە ئۆيلەرگە مېھمان كېلىش ـ كەلمەسلىكى، بىر ئەرنىڭ مەرد ـ سېخىيلىقىغا باغلىق بولسا، تېخىمۇ مۇھىمى شۇ ئەرنىڭ خوتۇنىنىڭ مۇئامىلىسىگە باغلىق بولىدۇ. ئەگەر خوتۇنۇ-نىنىڭ باشقىلارغا بەرگەن تەسىرى ياخشى بولسا، شۇ ئۆيدىن مېھمان ئۆكسىمەيدۇ. ئەكسىچە بولسا ئۇنداق ئۆيگە ھېچكىممۇ يولىمايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەرنىڭ باشقىلار ئالدىدىكى ئابرويى، خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ـ بولماسلىقى، نەتىجە قازىنىش پۇرستىنىڭ كېلىش ـ كەلمەسلىكى زور دەرىجىدە خوتۇنىنىڭ كىشىلىك ئالاقىگە ماھىر بولۇش ـ بولماسلىقىغا بېرىپ تاقىشىدۇ.

ئېرىنىڭ كىشىلىك ئالاقە چەمبىرىكىگە كىرىش، شۇ دائىرە ئىچىدىكى «داڭدار شەخس» بولۇش نۇرغۇن ئاياللارنىڭ تۇرمۇ-شىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىدىكى ئەڭ ئاقىلانە چارە.

ئېرى ۋە بالىلىرىنى سۆيۈشنىلا بىلىپ، باشقا ئىشقا قىزىقمايدىغان ئايال، خۇددى خوتۇنى ۋە بالىلىرىنى سۆيۈشنىلا بىلىدىغان ۋە شۇنىڭغىلا كۆچى يېتىدىغان، باشقا ھېچنەرسىنى ئەپلەشتۈرەلمەيدىغان ئەرلەردەك كۆلكىلىك ۋە ئېچىنىشلىقتۇر.

— بېلىنىسكى

چىرايلىق دېمە، خۇلقى ئۆزىنى دە،
كى خۇلقى ياخشى بولسا، يورۇتقاي سېنى.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

## 52. خىزمەت تەلۋىسى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىڭ

جاھان ئۆزگىرىپ، ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ئوقۇش، خىزمەت قىلىش، ئەمەل تۇتۇش، سودا ــ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىش ھازىرقى جەمئىيەتتە ئادەتتىكى ئىشقا ئايلاندى. بۇ ئاياللارنىڭ زېھنىي كۈچى ۋە فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتە ئەرلەردىن پەرقلەنمەيدىغانلىقىنىڭ كۈچلۈك دەلىلى. دېمەك، ئاياللارمۇ ئەرلەر قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلالايدۇ.

لېكىن، شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولۇشى كېرەككى، ئەگەر بىز ئەرگە تېگىپ، ئۆي تۇتۇپ، بالىلىق بولۇشنى تاللىغان ئىكەنمىز، مۇشۇ مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى ئالدى بىلەن ياخشى ئادا قىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاندىن خىزمىتىمىزنى ئويلىشىمىز كېرەك. بولمىسا بەختلىك ئائىلىمىزنى ساقلاپ قېلىش تەسكە چۈشىدۇ.

خىزمەتكە بېرىلىپ كېتىپ «خىزمەت تەلۋىسى» بولۇپ قېلىش ئىنتايىن خەتەرلىك. «خىزمەت تەلۋىسى» بولۇپ قالغان ئاياللارنىڭ نەزىرىدە پەقەت ۋەزىپە، باشلىق، تور، مائاشلا بولىدۇ، «كۆڭۈل ئېچىش تەلۋىسى» بولۇپ قالغان ئاياللارنىڭ نەزىرىدە پەقەت لاغايلاپ يۈرۈش، غىدىقلىنىش، مەنىسىزلىكلا بولىدۇ.

ئۆز ئائىلىسىنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئايال، قانداقلا ئىش بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدىغان مۇنداق زامانىۋى «راك» لارغا گىرىپتار بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

زامانىۋى ئاياللارنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بىر ئازاب: خىزمەت بولمىسا بولمايدۇ، پەقەت خىزمەتلا بولسا تېخىمۇ بولمايدۇ.

**ئاياللار پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئىنتىلسە بولىدۇ. بىراق شۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئاياللىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ ئەركەكلىشىش يولىغا مېڭىشى ھاجەتسىز.**

**— لۇئىس رومىسى**

**ئاڭلا ئاچچىق مەسلىھەت بەرسە دوست كىشىڭ،**
**ئاخىرى لەززەتلىك بولىدۇ ئىشىڭ.**

**— ناسىر خىسراۋ**

## 53 . ئېرىگىزنىڭ ئاچچىقىنى بېسىۋېلىشىغا ياردەم قىلىڭ

كۆڭلەر دائىم خۇشال ئۆتنۇەرمىگىنىدەك، ئەرلەرمۇ پات - پات رەنجىپ تۇرىدۇ. ھەر قانچە دۆت خوتۇن بولسىمۇ ئېرىنىڭ رەنجىپ قالغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. ھەر قانچە ئەقىللىق ئايالمۇ ئېرى رەنجىپ قالغاندا ئالاقزادە بولۇپ كېتىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ بېسىمى بارغانسېرى ئەرلەرنى خاپىغان قىلىپ قويىۋاتىدۇ، پۇل تاپقۇسى كەلسىمۇ تاپالماسلىق، مائاشنى يەتكۈزەلمەسلىك، خوتۇن - بالىلىرىنى باشقىلارغا ئوخشاش راھەت تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرەلمەسلىكتىن قورقۇش، ئۆزى بىلەن دېمەتلىكلەرنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشى، خىزمەت ئورنىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئېرىشەلمەسلىك، باشلىقىدىن ياكى باشقىلاردىن كۆڭلى رەنجىپ قېلىش، شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە كەلگەندە دەردىنى ئۆيدىكىلەردىن ئېلىش — خېلى بىر قىسىم ئەرلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلانماقتا. بەزى تۇغما خاپىغان كىشىلەرمۇ بار، پسىخىكىسى تازا ساغلام ئەمەس، ھەممىلا ئادەمدىن ئۇستۇن تۇرۇشنى ئويلاش، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قىلچىلىك ھۆرمەتسىزلىك قىلىشىنىمۇ كۆتۈرەلمەسلىك، ئۆزىنىڭكىنىلا توغرا دېيىش، ئېچىلىپ كەتكەندە

ھەممىلا ئادەمگە چاقچاق قىلىپ، خوتۇن ـ بالىلىرىنىمۇ خۇش قىلىپ، تۇتۇلۇپ قالغاندا ھېچكىمگە قاراپمۇ قويماي بۇقىدەك ئۆتۈپ كېتىش — بۇنداقلارنىڭ تېپىك ئالاھىدىلىكى.

«سۆزۈك سۇدا بېلىق بولماس، رەنجىگەكنىڭ دوستى» دېگەندەك، ھەممىلا ئادەم بۇنداقلاردىن بىزار بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشى تېخىمۇ يۈرۈشمەي، ئۇ تېخىمۇ رەنجىپ، ئۆيدىكىلەرنىمۇ پاراكەندە قىلىۋېتىدۇ.

ئېرىڭىز مەيلى قانداق سەۋەب بىلەن رەنجىگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سىز ئوت ئۈستىگە ياغ چاچىدىغان ئىشنى قىلماسلىقىڭىز، ئېرىڭىزنىڭ ئاچچىقىنى بېسىۋېلىشىغا ياردەملىشىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك.

بىر ئەقىللىق، مۇنەۋۋەر ئايال ئەرلەرنى قانداق تىزگىنلەشنى ئوبدان بىلىدۇ. بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ قالايمىقان رەنجىشىگە يول قويمايدۇ، ئەرلەرنىڭ غەزىپىنى، ئاچچىقىنى چىقىرىۋېتىشكە ئەمەلىيەتتە ئانچە كۆپ ماھارەتنىڭ لازىمى يوق، ياخشى ئاياللارنىڭ ھەممىسىگە ئايان، ئەرلەر رەنجىپ قالغاندا سوكۇت قىلىش — ئالتۇن بىلەن باراۋەردۇر.

زامانىۋى ئاياللارنىڭ ئوسال مىجەزلىك ئەرلەرنى ئۆزگەرتىشىدىكى بەش چوڭ تەدبىر:

1) ئۇندىمەسلىك.

2) ئۇنىسىز كۆيۈنۈش.

3) ھەرگىز مۇرەسسە قىلماسلىق.

4) ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىش.

5) سۆرەلمىلىك قىلىش.

ياخشى خوتۇن بولۇشنى ئۈيلىغان ئاياللار ئېرىنىڭ مىجەزىگە باقمىسا بولمايدۇ. ئۇ قانداق قىلغاندا ئېرىنىڭ ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويماسلىقنى، شۇنداقلا ئۇششاق ئىشلارغا قېيىداپ قالماسلىقنى بىلىشى كېرەك.

— بالزاك

كىم غەملىك كۈندە يار ۋە مۇڭدىشىڭ بولار،
شادلىق كۈنۈڭدە يەنە يولدىشىڭ بولار.

— پەرىدەدىن ئەتتار

## 54 . ئېرىڭىزگە ياردەملىشىپ ، ئۇ خالىمايدىغان مېھماندارچىلىقلارنى سىلىق قايتۇرۇۋېتىڭ

زامانىۋى تۇرمۇشتا مېھماندارچىلىقلارنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. مۇۋاپىق دەرىجىدىكى مېھماندارچىلىق ئەر كىشىنىڭ خىزمىتى ۋە سودىسى ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر، لېكىن چارچاپ كەتكەندە بەزى مېھماندارچىلىقلار ئەرلەرنىڭ بېشىنى بەكلا ئاغرىتىدۇ. پەقەتلا بارغۇم يوق؟ قانداق قىلارمەن؟ دەپ ئولتۇرغاندا يەنە تېلېفون جىرىڭلايدۇ ياكى ئىشىك قوڭغۇرىقى سايرايدۇ، مۇشۇنداق چاغدا ئاۋازىڭىزنى ئادەتتىكىدىنمۇ سىلىق چىقىرىپ، قارشى تەرەپكە ئېرىڭىزنىڭ پەقەتلا مىجەزى يوقلۇقى ياكى ئىنتايىن زۆرۈر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ياكى ئۆيگە جىددىي مېھمان كېلىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەپۇ سوراپ، ئېرىڭىز ئۈچۈن باش ئاغرىقنى يوقىتىپ بەرسىڭىز، ئۇ چوقۇم ناھايىتى خۇشال بولىدۇ.

ئەرلەر ھامان سىرتقا چىقسا بىرخىل، ئۆيگە كىرسە بىرخىل رولنى ئالىدۇ. چوڭ ئەركەك دەپ ئاتىلىدىغانلار پەقەت كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا «چوڭ ئەر»، لېكىن ئوخشاش ئەھۋال ئاستىدا ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلسىلا «ئادەم بالا» غا ئايلىنىپ قالىدۇ.

مەيلى ئۇ چوڭ ئەركەك بولسۇن ياكى «ئادەم بالا» بول-

سۇن، ئۇ سىزنى شۇنداق چوڭ كۆرۈۋاتقان يەردە، ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ، بىزار قىلىدىغان مېھماندارچىلىقلارنى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشكە ئەرزىيدۇ، دەپ قارايمەن.

ياخشى خوتۇنلار ئەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى ۋە غەم ـ قايغۇلىرىنى چۈشىنىدۇ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، ئۇ ياقتۇرمايدىغان مېھماندارچىلىقلارنى قايتۇرۇۋېتىش بىر ياخشى خوتۇننىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى.

**ئەگەر ئايال كىشى مۇھەببەتتىن بەھر ئالالىسا، شۇنداقلا غەرەز ئۇقىدىغان، پىششىپ يېتىلگەن ئايال بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ئېرىنى خۇشال قىلىش، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئانىلارچە غەمخورلۇق قىلىدۇ.**

**— ۋاسلېيۇ**

**شۇنداقنى يار ئەتكىن ساڭا جان قوشسۇن،**
**ھەر نەپەس ئۆمرى ئەبەدىي بولسۇن.**

**— خۇسراۋ دېھلىۋى**

## 55 . بىر ياخشى ئانا، ياخشى كېلىن بولۇڭ

بالىغا نىسبەتەن ئۇ ئائىلىق خۇشالىقى ۋە قانائەتچانلىقتا تولۇپ ـ تاشقان بولىدۇ. قېيناتا، قېينانىغا نىسبەتەن ئۇ جاپادى-مۇ، تاپا ـ تەنىلەردىنمۇ قورقماي ئىشلەيدىغان، ئاياللىق ئەقىل-پاراستى ۋە چىدامچانلىقتا تولۇپ ـ تاشقان بولىدۇ. مۇشۇنداق بىر ئايالغا نىسبەتەن مەيلى ئۇ ياش، قىران چاغلىرىدا بولسۇن ياكى قېرىپ مۆكچەيگەندە بولسۇن، سىزگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولماي باشقا تاللاش يوق.

بىر ياخشى ئايال ھامان بەك كۆپ روللارنى ئالىدۇ — ياخشى خوتۇن، ياخشى ئانا، ياخشى كېلىن... مەيلى قانداقلا جاپا ـ مۇشەققەت تارتسۇن ئىچىدىلا بىلىدۇ. شۇڭا بەزىلەر ئۇھ تارتىپ: ئادەم بولماق تەس، ئايال بولماق تېخىمۇ تەس! دېگىنى بىكار ئەمەس.

بىر ئائىلىدە بىر ياخشى خوتۇننى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى ئۇنىڭ قېيىناتا، قېينانىسىغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى-دىن ئىبارەت.

بىر ئائىلىنىڭ بەختلىك، ئىناق، خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈشىد-دە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى بولىسىمۇ، لېكىن ئانىنىڭ ئائىلىدىكى مەسئۇلىيىتى مۆلچەرلىگۈ-

سىزدۇر. بالزاك ئانا توغرىسىدا توختىلىپ: «مىللەتنىڭ تەقدىرى ئانىلار قولىدا» دېگەن ئىدى. بۇ ئانىنىڭ ئائىلە، جەمئىيەت، ھەتتا بىر پۈتۈن مىللەت ئۈچۈن ناھايىتى زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئانا ھەر دائىم ئۇلۇغلىنىشى، قەدىرلىنىشى، ھۆرمەتلىنىشى كېرەك. لېكىن، بۇن-داق ئۇلۇغلىنىشقا ئانا بولغۇچى پەقەت ئانىلىق ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇندىغاندىلا ئاندىن ئېرىشەلەيدۇ. ئانىلىق بۇرچى دې-گىنىمىز، ئانىلارنىڭ بىلىشكە ۋە ئۇلارنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىش-لىك ئەخلاقىدۇر.

① قېيناتا، قېينانىڭىزنى، ئۇلارنىڭ بىر تۇغقانلىرىنى، قۇلۇم - قوشنىلىرىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى قى-لىپ، ئۇلارنى رازى قىلىشقا تىرىشىڭ.

② تېجەشلىك بولۇڭ، ئىسراپچىلىق قىلماڭ، لازىملىق نەرسىلەرنى زايا قىلىۋەتمەڭ.

③ بارىغا قانائەت قىلىڭ، تاقەتسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشى-دۇر. كېلىن، باللىرىڭىزغىمۇ ياسانچۇقلۇق، ئابرۇيپەرەسلىك قىلماسلىق، بارنى تېجەش، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئۆتۈشنى ئۆگىتىڭ ۋە ئادەتلەندۈرۈڭ.

④ سىزنىڭمۇ قىزىڭىز بولسا كۈنلەرنىڭ بىرىدە باشقىلارغا كېلىن بولۇپ كېتىدۇ، شۇڭا كېلىنىڭىزگە مېھرىبان بولۇپ، ئۇلارنى ئۆز قىزىڭىزدەك كۆرۈڭ، كېلىنلىرىڭىزنىڭ ھەممە نەر-سىسىدىن قۇسۇر تاپماڭ، پۈرسىتى كەلگەندە ئوغۇللىرىڭىزغا يامان كۆرسىتىپ چاقماڭ، ۋات - تەبىئىتىڭىزنى، ناچار خۇلق - مىجەزىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ.

كېلىن ئىككى ئائىلىگە تەۋە بولۇپ، قۇدىلارنىڭ ئىناق

ئۆتۈشىدە بىۋاستە رول ئوينايدۇ، بۇ كىلىنىڭ ئەخلاق پەزىلە-تىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق.

① كېلىن بولغۇچى قېيناتا، قېيناناڭىزنى، ئېرىڭىزنى ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنى ئۆزىڭىزنىڭ قېرىنداشلىرىدەك كۆرۈپ ھۆرمەتلەڭ، ئۇلارغا مېھرىبان، شەپقەتلىك بولۇڭ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىتائەتمەن بولۇڭ، بۇيرۇغانلىرىنى «خوش» دەپ تۇرۇپ ئورۇنداڭ، سىزنىڭ توغرا بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ گەپ تالاشماڭ، جاۋاب قىلماڭ، شېرىن سۆزلۈك بولۇڭ، بولۇپمۇ قېيناناڭىزنى ئۆز ئانىڭىزدەك كۆرۈپ ھۆرمەت قىلسىڭىز، كۈنلەر-دىن بىر كۈنى كېلىنىڭىزمۇ سىزنى شۇنداق ھۆرمەت قىلىدۇ. چۈنكى «نېمە تېرىساڭ شۇ ئۈنىدۇ» ئەمەسمۇ؟ ئىشەنمىسىڭىز مۇنۇ ھېكايىگە قۇلاق سېلىڭ:

بىر ئائىلىدە ئەر، ئايال، بالا، بوۋاي تۆتەيلەن ياشايدىكەن. بوۋاينىڭ كۆزى ئەما، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەكلا مەينەتكەن، ئەر - خوتۇن بىر كۈنى مەسلىھەتلىشىپ، بوۋاينى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كولاپ كۆمۈۋېتەيلى دەپ، يەرنى چوڭقۇر كولاپ، ئەپكەشكە بوۋاينى تىگىپ، ئورىغا سالاي دەپ تۇرۇشىغا ئوغلى يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— توختاڭلار، بوۋامنى كۆمسەڭلار كۆمۈڭلار، ئارغامچا بىلەن ئەپكەشنى كۆممەڭلار، — دەپتۇ.

— نېمىشقا؟

— سىلەر بۇ ئەپكەش بىلەن ئارغامچىنى كۆمۈۋەتسەڭلار، سىلەر قېرىغاندا مەن سىلەرنى نېمە بىلەن كۆمىمەن؟

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بوۋاينى تارتىپ چىقىرىۋېلىپ، ئۆمرد-نىڭ ئاخىرىغىچە ياخشى بېقىپتۇ.

② كېلىن بولغۇچى قېيىناتا ـ قېيىنانىڭىزنىڭ، ئېرىڭىز-نىڭ ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى، تۇرمۇش ئادەتلىرىگە ماسلىشىڭ.

③ سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇڭ، يول قويۇشنى بىلىڭ.

④ چېقىمچى، غەيۋەتخور بولماڭ.

⑤ قولىڭىز ئەپچىل، ئايىغىڭىز چاققان، ھەرىكىتىڭىز سىپ-لىق بولسۇن.

⑥ شەرمى ـ ھايالىق بولۇڭ.

⑦ پاكىز، رەتلىك بولۇشقا ئادەتلىنىڭ.

**ئايال — پۈتۈن ئالەمنىڭ ئانىسى. ئۇ پەرزەنت تۇغۇپ بەرگەنى ئۈچۈن ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، ئىنساننى تەربىيىلەيدىغانلىقى، ئۇنىڭغا ھاياتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ خۇشاللىقلىرىنى بەخش ئەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلۇغلاپ «ئانا» دەيمىز.**

**— گوركىي**

**خەزىنە ئېپكەلگەن كېلىندىن، ئەسلى —**
**توغرا، راستچىل كېلىن مىڭ ھەسسە ياخشى.**

**— خۇسراۋ دېھلىۋى**

## 56. بەزىدە ئۆزىڭىزنىڭ مۇستەقىللىقىڭىزنىمۇ ئىپادىلەپ قويۇڭ

دوستۇم x x x ئەسلىدە ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە، سىنىپتا كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدىغان، ئىنتايىن شوخ، تېتىك، كۈلكىسى جانان چىننى ئەسلىتىدىغان، ئوغۇللارغا بوزەك بولمايدىغان، خاراكتېرى ئۆزگىچە، ئادەمنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك ئەقىللىق قىز ئىدى. كېيىن ئۆزى چەكسىز ياخشى كۆرىدىغان بىر ئەرگە ياتلىق بولغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى ئۆزگىچە خاراكتېرى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، ئېرى نېمە دېسە گېپىدىن چىقمايدىغان، ئېرى قارىنى ئاق دېسە شۇنداق دەيدىغان، ئېرى ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغان تاماكىنىمۇ ئالماي، دوستۇمنى چاقىرىپ ئېلىۋەت دېسە، ھەرگىز قارشىلىق كۆرسەتمەي ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، تاماكىنى ئېلىپ قولىغا بېرىپ كىرىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەر تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، خوتۇنى پۈت ـ قولى يەرگە تەگمەي ئىشلىسىمۇ نارازى بولىدىغان، كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇۋالدى. كېيىن دوستۇم ئەقلىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي خاسلىقىنى يوقىتىپ، ئېرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىدىغان ماشىنا ئادەمدەك بولۇپ قالغانلىقى ئۆزىنى مۇشۇنداق ئەھۋالغا

چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كېيىن تاياق يېيىشمۇ قارشى تۇرىدىغان ئىشلارغا قارشى تۇرىدىغان بولدى. ئادەم دېگەنمۇ غەلىتە بولىدىكەن، ئەمدى بۇ ئەر ئۇ دوستۇمنىڭ كېيىدىن چىقمايدىغان بولۇپ قالدى.

شۇنداق، نىكاھنىڭ ماھىيىتى ھەرگىزمۇ ئادەمنىڭ خاسلىقىنى يوقىتىش ئەمەس، دەل ئەكسىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك نىكاھ دائىم خاسلىق بايرىقىنى تۇرمۇش ئاسمىنىدا ئېگىز پۇلاڭلاتقان بولىدۇ.

ئادەم بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ خاسلىقنى ئىگە بولمىسا جەلپ قىلىش كۈچىنى يوقىتىدۇ. شۇڭا، بەزى ـ بەزىدە ئۆزىڭىزنىڭ مۇستەقىل ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ئىپادىلەپ تۇرۇشىڭىز، ئېگىلىدىغان چاغدا ئېگىلىپ، كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراشقا تېگىشلىك بولغاندا مەت قىلماي تىكىلىپ تۇرۇشىڭىز، بەزى ئىشلاردا قارار چىقىرىشقا توغرا كەلگەندە ئىككىلەنمەي، يۈرەكلىك قارار چىقىرىپ، ئېرىڭىزنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇشىڭىز كېرەك.

بۇ يەردە مەن ئاياللارنىڭ ئۆزى بىلگەنچە ئىقتىساد ۋە تۇرمۇش جەھەتتە ئۆزىڭىزنىڭ مۇستەقىللىقىڭىزنى ئىپادىلەپ، ئېرىڭىز ۋە بالىلىرىڭىزنى تاشلاپلا، ساياھەتكە چىقىشقا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىڭ دېمەكچى ئەمەسمەن. بەلكى روھىي ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى مۇستەقىللىق ئېرىڭىزنىڭ كۆزلىرىنى تېخىمۇ ئالىچەكمەن قىلىۋېتىدۇ.

شۇڭا، ئىمكانىيەت بولسا ئۆزىڭىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى، ئۆزىڭىز قىلىشنى خالىغان ئىشنى قىلىشقا تىرىشىڭ.

ئەرلەر ئايالالار ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتسا ياكى بۇيرۇقۋاز- لىق قىلسا، ئايالالار باش ئەگمەسلىكى، ئەرلەر قاپىقىنى تۈرسە، ئايالالار كۆلۈمسىرىمەسلىكى، ئەرلەر تىكىلىپ قارىسا ئايالالار يەرگە قارىۋالماسلىقى لازىم. چۈنكى بۇ خىل ئىتائەت قىلىش ھەرىكەتلىرى ئەرلەرنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويىدۇ.

— كىبسلىن ستچىگىن

ئايال، بىل، لۇتپۇ ھىممەتكە سازاۋەر،
گۆدەكتەك مىھىر - شەپقەتكە سازاۋەر.

— ناسىر خىسراۋ

## 57 . ئېرىڭىزنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلىڭ

دۇنيادا خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان ئىنسان يوق. ھەتتا پەي-غەمبەرلەرمۇ خاتالىق ئۆتكۈزگەن يەردە ئېرىڭىز ھەر قانچە بىلىم - مەلۇماتلىق بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يەنە خىز-مەت، ئۆگىنىش، تۇرمۇشتا بەزىبىر خاتالىقلاردىن مۇستەسنا بولا-لمايدۇ. ياخشى ئاياللار ئېرىنىڭ خاتالىقلىرىغا نىسبەتەن ئەپۇ قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتالايدۇ.

مېنىڭچە ئەرلەر ساقلىنىشقا تېگىشلىك مۇنداق ئەڭ چوڭ تۆت خاتالىق بار.

① ھاراقكەشلىك؛ ② قىمارۋازلىق؛ ③ بۇزۇقچىلىق؛ ④ زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلىش.

مۇشۇلارغا بېرىلىپ قالغان كىشىنى خۇدا كۆڭلىگە ئىنساپ بەرمىسە، باشقا ئادەملەرنىڭ تىللاپ - قارغاشلىرى، ئۇ-رۇپ - دۇمبالاشلىرىمۇ كار قىلمايدۇ. مۇشۇنداق ئەرگە تېگىپ قالغان ئاياللارنىڭ ھالىغا ۋاي ھەممە ئاياللارغا بەخت تىلەيمەن!

ئەگەر ئېرىڭىزدە يۇقىرىقى كەچۈرۈش تەس بولغان خاتا-لىقلار بولمىسىلا، مېنىڭچە ئۆزىڭىزنى بەختلىكمەن دەپ ئويلاپ، شۈكرى - قانائەت قىلىسىڭىز بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇششاق - چۈششەك خاتالىقلار بولارنىڭ ئالدىدا ھېچنىمە

ئەمەس.

شۇڭا، كەڭ قورساق، سەۋرچان بولۇپ، ئېرىڭىزنىڭ خاتا-لىقلىرىنى تۈزىتىشكە پۇرسەت بەرسىڭىز، كەچۈرۈۋەتسىڭىز، ئې-رىڭىز سىزدىن چوقۇم تەسىرلىنىدۇ.

ياخشى ئات يولدىن ئازمايدۇ، ياخشى خوتۇن ئەيىبلەپ كەت-مەيدۇ.

— يوھان گىراي

ئاشىق جاراھەتكە بولسا مۇپتىلا،
مەشۇق زىكرى ئۇ جاراھەتكە شىپا.

— ئەلىشىر نەۋائىي

## 58 . قىيناتا، قىينانىڭىزغا ۋاپادارلىق كۆرسىتىڭ

كىچىك ۋاقتلىرىمدا يۇرتىمىزنىڭ دىرامچىلىق سەنئىتى تازا گۈللەنگەن ئىدى. شۇ چاغلاردا كۆرگەن «ھەسەن ئاكام ئاچ-چىق، ئامۇتى تاتلىقمۇ؟» دېگەن دراما ماڭا شۇنچىلىك تەسىر قىلغان، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ئېرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان ئايال قېينانىسىنى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيدىغانلىقى، ياراتمايدىغان-لىقى، كېيىنكى بىر قېتىملىق ئەمەلىي تەربىيىدىن كېيىن ئۆزى-نىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىدەك ناھايىتى تەسىرلىك ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى كۈچلۈك مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىدى.

دېمىسىمۇ سىز ياخشى كۆرىدىغان ئەر ئەگەر قېيناتا، قېينا-نىڭىز بولمىغان بولسا بۇ دۇنياغا كەلمەيتتى ھەم سىزنى مەپتۇن قىلغۇدەك جەلپكارلىققىمۇ ئىگە بولمايتتى. ئېرىڭىزنىڭ شۇنچىلىك يارامىلىق بولۇپ چىقىشىغا، قېيناتا، قېينانىڭىزنىڭ زور ئەجرى سىڭگەن. ئېرىنى سۆيۈشنى بىلگەن ئايال چوقۇم ئالدى بىلەن ئېرىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ياخشى كۆرۈشنى، ھۆرمەتلەشنى بىلىشى زۆرۈر. گەرچە ئۇلار قېرى، ئاجىز، كېسەلمەن، كەمبەغەل ياكى مىجەزى ئۇسال، ئادەمنى بىزار قىلغۇدەك بولسىمۇ، لېكىن كېلىن

بولۇش سۆيتىڭىز بىلەن ئۆلارنى يوقلاپ تۇرۇشىڭىز، ھەر ھەپتىدە تېلېفوندا ئالاقىلىشىپ ئەھۋال سوراپ تۇرۇشىڭىز، ۋا- قىت چىقىرىپ ئۆلارغا ھەمراھ بولۇپ، خىزمىتىنى قىلىپ قويۇ- شىڭىز كېرەك.

ياشانغانلارنىڭ مۇنداق گېپى بار: ئوغلۇڭنىڭ ياخشىلىقى ھېساب ئەمەس، كېلىنىڭ ياخشى بولسا ھېساب.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئايال بولۇش بىر ئىلىم، كېلىن بولۇش بىر سەنئەت.

بىر كۈنلەردە سىزمۇ قېينانا بولغاندا، كېلىنىڭىزدىن خۇد- دى سىز ئەينى ۋاقىتتا قېينانا، قېيناتىڭىزغا تۇتقان مۇئامىلىنى كۆرىسىز، شۇڭا قېرىغاندا بەختلىك ئۆتەي دېسىڭىز، ئېرىڭىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ۋاپادارلىق كۆرسىتىڭ.

**ھەر قانداق ئادەم ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىسا، باشقا كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئەسلا ئادا قىلالمايدۇ. مۇنداق ئادەم ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان يامان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. يامان ئادەمگە باشقىلارنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمۇ دۇرۇس ئەمەس.**

**— قابۇس**

**قېرىلارنى ئەزىزلەپ قىلساڭ ھۆرمەت،**
**سېنىمۇ قېرىغاچ قىلىشار ئىززەت.**

**— پەرىدىددىن ئەتتار**

## 59. «ئۈچىنچى شەخس» قىستۇرۇلۇۋالغاندا ئاقىلانە بىر تەرەپ قىلىڭ

«ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغان سىرلىرى» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن:

ئەگەر نىكاھلىق بىر ئەر تالاغا قاراپ قالغان بولسا، ئۇ شۇ ئەرنىڭ ئۆيدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەنلىكىنىڭ بەلگىسى، ئەگەر نىكاھلىق بىر ئايال تالاغا قاراپ قالغان بولسا، ئۇ شۇ ئايالنىڭ بۇزۇق خوتۇن ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. ئەرلەر راستىنلا: بىز تۇغۇلۇشىمىزدىنلا مۇشۇنداق ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى يېڭىۋاشتىن ئۇزۇل - كېسىل يۇيۇشقا ياردەملەشكەندىلا ئۇلار ئۆزگىرىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلار ئۆمۈرۋايەت مۇشۇنداق ئۆز سەنىمىگە دەسسەۋېرىدۇ.

ئەرلەرنىڭ ساداقەتسىز ھەرىكەتلىرى قەدىمدىن ھازىرغىچە تۈگىگىنى يوق. گەرچە يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان بۇخىل ئەھۋاللار ئاياللاردىمۇ كۆپىيىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما سان جەھەتتىن قارىغاندا، ئەرلەر يەنىلا مۇتلەق كۆپ ساننى ئىگىلەيدۇ (بىراق، ئويلايدىغان بولسىڭىز، بىر ئەر بۇزۇقچىلىق قىلغان يەردە چوقۇم بىر ئايال بار ئەمەسمۇ؟). بۇ خىل ساداقەتسىزلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي ئەخلاققا يات

دەپ قارىلىپ، جامائەت پىكرىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ. بو-لۇپمۇ مۇشۇ ئارقىلىق ئائىلە، ئەر – خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان سۇركىلىشلەر ئۆزگە، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە غايەت زور بېسىم پەيدا قىلىدۇ.

بىراق، ئەمەلىيەتتە «ئوۋ» ئوۋلاشنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئەرلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇ-شىدىن قەتئىينەزەر، ئەركەكلا بولىدىكەن، كۆپىنچىسىنىڭ مۇ-شۇنداق سىناپ بېقىش ئويى بولىدۇ. شۇنداق بولغان تەقدىردى-مۇ، كۆپ قىسىم ئەرلەر ئايالىدىن ۋاز كېچىپ، باشقا ئاياللار بىلەن توي قىلمايدۇ. چۈنكى ئايالىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئانىنىڭ مېھرىگە ئوخشاش مېھرىبانلىقنى ئىزدەيدۇكى، بۇنداق مېھرىبان-لىقنى ئۇچىنچى شەخسنىڭ ئۆزگە ئاتا قىلالىشى مۇمكىن ئە-مەس.

شۇڭا ئايالىغا بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن ئۇلار ھەر دائىم دەككە – دۈككە ئىچىدە يۈرىدۇ. سىرتلاردا تازا «ياشاپ بولۇپ» ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئايالىغا ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئايالى ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ شۇئانلا قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىدۇ. ئەرلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىمۇ بۇ ئائىلىنى بۇزۇشنى خالىمىغانلىقىدىندۇر. ناۋادا ئۆزىنىڭ قىلمىشى ئەڭ ئاخىرى يەنىلا ئاشكارىلىنىپ قالى-دىغان بولسا، ئۇ ھالدا كۆپ ساندىكى ئەرلەر ئائىلىنى ئويلاپ، ئايالىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ گۇناھىنى كەچۈرۈشنى ئۆتۈنىدۇ.

ئەگەر بۇ ئەھۋاللار سىزنىڭ ئېرىڭىزدىمۇ سادىر بولۇپ قالسا، ئەگەر توغرا بىر تەرەپ قىلىش پوزىتسىيىسى قوللانماي، بەلكى ھە دېسىلا ئېرىڭىزنى ئەيىبلەۋەرسىڭىز، ئەكسىچە ئېرىڭىز-نى پۇتۇنلەي ئاشنىسىنىڭ قويىنىغا ئىتتىرىپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن

ئۆزۈل ـ كېسىل ئايرىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

ئومۇمەن، ئېرىڭىزنىڭ ساداقەتسىزلىكىگە قارىتا ھەم زىيادە چالۋاقاپ كەتمەسلىكىڭىز ھەم بىپەرۋالىق قىلماسلىقىڭىز لازىم. ئەڭ ياخشىسى سەۋرچانلىق بىلەن ئىش كۆرگەن تۈزۈك.

ئەگەر باشقا ئاياللار ئېرىڭىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، پىنھان ئاشىق بولۇپ يۈرگەن بولسا، بۇ نورمال ھادىسە، ئۇنىڭغا ئىشىنىڭ.

ئەگەر سىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئۈستىدىن تۇتۇۋالغان بولسىڭىزمۇ غەزەپلەنمەڭ، بۇنداق ئەر ئاللىقاچان سىزنىڭ ئېرىڭىز بولۇش سالاھىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ. «ۋاپاسىز ئەرنى خۇددى پاشنىسى چۇشۇپ قالغان ئەسكى ئاياغنى چۆرۈۋەتكەندەك تاشلىۋېتىڭ. چۈنكى ئۇ سىزنى بىر تېپىپ يىقىتىۋەتتى ئەمەسمۇ؟» (تايلور)

شۇنداق، باشقا ئىشلارنى «ۋىجدان سوتى» ۋە «خەلق سوتى» بىر تەرەپ قىلسۇن. داۋلىلىرىڭىز بولسا ۋارقىراپ كېتىشىنىڭ، بىر ئادەمنى جازالىغاندا بېشىنى يېرىپ، قېنىنى تۆكۈشنىڭ ھاجىتى يوق.

**نىكاھلاشقانلار نىكاھلاشقۇچە كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ بىر - بىرىنى كۆزىتىشى، نىكاھتىن كېيىن بىر كۆزىنى قىسىپ ياشىشى لازىم.**

**— سىلكيۇدېرى**

**زەۋق ـ ساپا قوغلاشما، قاتتىقتۇر جازا،**
**ساپانىڭ جاۋابى پاتقاقلىق تازا.**

**— يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

## 60 . ئېرىخىزنىڭ ئالدىدا «دۆت» رەك بولۇۋېلىڭ

ئائىلاشلارغا قارىغاندا «دۆت» رەك خانىملار ئەرلەرگە تېخىـمۇ سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ، ئەرلەرنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن مۇلايىملىـقى ۋە قوغداش ئېڭىنى قوزغىتىدىكەن. تەكشۈرۈلۈشكە قاتناشقان يېرى شۇكى، كۆپ قىسىم ئەرلەر ئايالىنىڭ گۈزەل چىرايىغا، ئېسىل ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقىغا نىسبەتەن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىدا بولىدۇ، ۋاھالەنكى ئايالىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، شۇـنىڭدەك تەربىيىلىنىشى ئۆزىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئىقرار قىلىشنى خالىمايدۇ.

ئۇقۇش تارىخى ئۇستۇن، قابىلىيەتلىك ئاياللار ئالدىدا، ئەرلەر دائىم ئالاقزادە بولۇپلا يۈرىدۇ. چۈنكى ئۇلار بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دائىرىسى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت باغلاش ئىقتىدارى ئۆزىنى بېسىپ چۈشىدۇ ـ دە، ئۆزى بارا ـ بارا پەسكويغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، بۇنداق ئاياللار جەمئىيەتتە ئوڭايلا باشقا ئەرلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ، بۇنىڭ بىلەن باشقا ئەرلەرنى ئېرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ ـ دە، ئەرلەر تېخىمۇ پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا، ئەرلەر

ئايالنىڭ ئۆزىدىن ئەقىللىق بولۇپ كېتىشىنى خالىمايدۇ. مۇ-شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئالدىدا نېمىشقا بىر نەچچە قېتىم «دۆت» بولۇۋالمايسىز؟

بىراق، مۇنەۋۋەر ئايالLar شۇنىمۇ بىلىشى كېرەككى، بەك ئۇزۇن «دۆت» بولۇۋالماڭ، بولمىسا «چاپىقىنى ئالمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويىسىز».

ئايالLar گەرچە ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئازراق زىيان تارتىسىمۇ، بىراق ئەرلەرنىڭ مۇھەببىتىگە ۋە تېخىمۇ كۆپ كۆيۈنۈشىگە ئېرىشەلەيدۇ، زىيانغا سېلىشتۇرغاندا، «دۆت» خانىم بولۇشنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق.

**ئۆزىڭىزدىكى ئاجىزلىق ۋە كەمچىلىكلەرنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ كەتمەڭ ،ئەرلەر گېپىستا قاتۇرۇپ قويغاندەك ساھىبجامالنى ئېلىشقا خۇشتار ئەمەس.**

**— كىركىسلىر**

**كەمتەرلىكتىن كېلۇر ئىززەتۇ - ئىكرام،**
**كىبىرلىكتىن يامان بولار ياخشى نام.**

**— ناسىر خىسراۋ**

## 61 . ئېرىڭىزنى ھەيران قالدۇرۇۋېتىشنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

نۇرغۇن كىشىلەر ئادەتتىكىدەك تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن ھەسەلنى كۆپ يېسە ئەمەن تېتىيدۇ، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى زېرىكىشلىك تۇيۇلىدۇ. بىر كۈنى، سىز مۇشۇ رامكىلاردىن قۇتۇلۇپ، تويۇقسىز ئېرىڭىزگە خۇشاللىق، ھەيرانلىق ئاتا قىلالىسىڭىز، ئۇنداقتا ئايال ، خوتۇن بولغان سىز ئەسلىدىكىدىنمۇ بەكرەك يۇقىرى ئىمتىيازغا ئېرىشەلەيسىز.

ئۇنداقتا ئېرىڭىزنى قانداق ھەيران قالدۇرۇشنى ئويلىشىۋا-تىسىز؟

تويۇقسىز ئېرىڭىزگە گۈل تەقدىم قىلامسىز؟

رومانتىك كىنو بېلىتىدىن ئىككىنى ئەكىلىپ، ئېرىڭىزنى ھەپتە ئاخىرىدىكى كۆڭۈل ئېچىشقا تەكلىپ قىلىشنى ئويلىشىۋاتامسىز؟

تورت ئەكىلىپ، شام يېقىپ، چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، روم-كىلارغا مېۋە ئىچىملىكلىرىنى قويۇپ ئېرىڭىزنىڭ كېلىشىنى كۈ-تۈۋاتامسىز؟

ئېرىڭىزگە ئۇقتۇرماي دوستلىرىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تۇغۇلغان كۈنىنى تويۇقسىز ئۆتكۈزۈپ، ئېرىڭىزنى ھەيران قال-دۇراي دەۋاتامسىز؟

ياكى...

ئاياللارنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى چەكسىز، ئەگەر سىز ئازراقلا كاللا قاتۇرىدىغان بولسىڭىز تۇرمۇشىڭىزنى تېخىمۇ مەنىلىك، تېخىمۇ رومانتىك، يېڭى ھېس - تۇيغۇلارغا باي قىلىپ ئۆزگەر- تەلەيسىز. ئەگەر دائىم ئەرلەرگە مۇشۇنداق ھەيرانلىق ۋە يېڭىلىق ئېلىپ كېلەلىسىڭىز، ئۇنداقتا سىزنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىڭىز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

ئاياللار ئەرلەرنى كۆرگەنسېرى چۈشىنىدۇ. ئەرلەر ئاياللار- نى كۆرگەنسېرى قايمۇقۇپ قالىدۇ. قايمۇقۇپ قالغانسېرى شۇ ئايالغا بولغان مۇھەببىتى كۈچىيىدۇ.

**ئاياللارنىڭ جەزبدارلىقى قەيەردە؟ گۈزەل ھۆسنىدىمۇ؟ ئە- قىل- پاراسىتىدىمۇ؟ گەپ - سۆزلىرىدىمۇ؟ كۈلكە - چاقچاقلىد- رىدىمۇ؟ شۇنداق، مۇشۇلارنىڭ ئىچىدە، شۇنداقلا باشقا جەھەت- لەردە.**

**— مۇنىر ناسوۋ**

**كىمدە يوقكەن ئەقىل، ھىممەت، تەدبىر - پەم،**
**دىمەك بۇ سارايغا چۈشمەس ھېچ ئادەم.**

**— سەئىدى شىرازى**

## 62. ئېرىڭىزنىڭ بېسىمىنى يەڭگىللىتىشكە تىرىشىڭ

جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ، ئېغىر كۈنلەردىمۇ بىللە بولغاندا، مېھرى - مۇھەببەت مەڭگۈ ساقلىنىپ تۇرىدۇ، ئىنسانلاردا نىكاھلىنىش شەكلى بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ، مۇشۇنداق ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك نىكاھنىڭ تىپىك ئۈلگىسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلدى. ئېرى ناخشا ئېيتسا، خوتۇنى جور بولغان نىكاھ ھەرگىزمۇ ئەرلەر زوراۋانلىقىنىڭ بەلگىسى ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت ئۈستىگە قۇرۇلغان نىكاھنىڭ زۆرۈر نەتىجىسى.

«ئاياللار يېرىم دۇنيا» دېگەن پەقەتلا بىر شوئار ئەمەس، بەلكى بىر مەسئۇلىيەت. فېئوداللىق بويۇنتۇرۇقلار ئىچىدىن ئويغانغان ئاياللار «يېرىم دۇنيا» لىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ «يېرىم دۇنيا» لىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارغا زور بېسىم ئېلىپ كەلدى. كىچىك ۋاقتلىرىمىزدا مەھەللە كويلاردا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقان ئەر - ئاياللارنى، كوچا - رەستىلەرە ھاراق ئىچىۋېلىپ، يىقىلىپ يېتىپ قالغان ئەرلەرنى تولا كۆرەتتىم. ھازىر قارىسام ھەممىلا ئادەم ئالدىراشلىقنىڭ، ياخشىراق تۇرمۇش

كەچۇرۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۇرىۋاتىدۇ. جەمئىيەتنىڭ شاللى-ۋىتىشىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشمىساق بولمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. دېمەك، بۇ خىل رىقابەت، خىرىس ھەممىلا ئادەمگە تەسىر كۆرسىتىپ، كىشلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ بېسىمي ئېغىرلاشقا باشلىدى. بۇرۇن خىزمىتىنى ئىشلەپ، ھۆكۈ-مەتنىڭ مائاشىنى تولۇق ئالالىسىلا، ئۆزىنى خاتىرجەم، بەختلىك ھېس قىلىدىغان زامان كېتىپ، ئەرلەر قانداق قىلىپ تېخىمۇ زور نەتىجە يارىتىپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا تېخىمۇ ياخشى يول ئېچىپ بېرەلەرمەن دەيدىغان نىشان بويىچە ياشاۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنىڭ تۈرتكىسىدە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا، مەغلۇبىيەت، تو-سالغۇلارغا ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ.

بىر ياخشى ئايال ھامان ئېرىنىڭ بېسىمىنى ئۆزىنىڭ كۆ-رەش قىلىدىغان ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ قىلىدۇ. پەقەت يۈك-سەك غايە بولسىلا يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق يوق. نۇر-غۇنلىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك نىكاھلار بۇنىڭ بىر ھەقىقەت ئىكەن-لىكىنىڭ دەلىلى.

**ئايالنىڭ ۋەزىپىسى — ئەرنىڭ قەلبىدىكى كۈچ - قۇۋۋەتنى جۇشقۇنلىتىش، ئالىيجاناب ھېس - تۇيغۇلارنى كۈچەيتىش، مەس-ئۇلىيەتچانلىقنى يۈكسەكلىككە، ئۇلۇغلۇققا ئېلىپ چىقىش ۋە ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى ئەۋج ئالدۇرۇشتىن ئىبارەت.**

**— بېلىنىسكى**

**ھەر يارۇ دوست ئەمەس ۋاپادار،**
**بەلكى ياردىن يارنىڭ پەرقى بار.**

**— خۇسراۋ دېھلىۋى**

## 63 . كونا مۇھەببەت يالدامىلىرىنى يوقىتىۋېتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق

مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەرلەرنىڭ بۇرۇن ئۆتكۈزگەن شېرىن مۇھەببەت تارىخى بولىدۇ. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەسىلەن: يۇرتىنىڭ يىراقلىقى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قوشۇلماسلىقى، بىغەپ ئېيتقاندا رىزقىنىڭ بىر ـ بىرىگە چۈشمەسلىكى سەۋەبىدىن، بۇرۇنقى سۆيگىنى بىلەن ئايرىلىپ كېتىپ، سىز بىلەن توي قىلغان. لېكىن، ئېرىڭىزنىڭ ئالبۇمىدىن بۇرۇنقى قىز دوستى بىلەن چۈشكەن سۈرەتلەرنى، مۇھەببەتلەشكەن تارىخىنى، ئەسلەش خاتىرىسىدىن قىز دوستىنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ئازابلىق قوليازمىلىرىنى ئۇچرىتىپ قالىسىز. مۇشۇلارغا نىسبەتەن سىز قانداق مۇئامىلە قىلىدىڭىز؟ ھەممىنى يىرتىپ كۆيدۈرۈۋەتتىڭىز؟ ئېرىڭىز بىلەن سوقۇشتىڭىز؟ دائىم تەگەپ تۇردىڭىز؟

بىر دوستۇمدىن مۇشۇ مەسىلىنى سوراپ باقتىم. ئۇ دوستۇممۇ دەل يۇقىرىقىدەك «تەدبىر» قوللىنىپتۇ.

مېنىڭچە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئارتۇقچە. ئەگەر ئۇ بۇرۇنقى سۆيگۈنىنى ئۇنتۇيالمىغان بولسا، سىز ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىنى، خاتىرىلىرىنى يىرتىپ، كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتسىڭىزمۇ ئېرىڭىزنىڭ كاللىسىدىن، قەلبىدىن مەڭگۈ چىقىرىۋېتەلمەيسىز، شۇنداق

ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ سۆرەتلىرىنى ئالبۇمغا چىرايلىق، رەتلەپ سېلىپ، خاتىرىسىنىمۇ كىتاب ئىشكابىغا تىزىپ قويۇپ، ۋاقتىڭلار چىققاندا، بىللە كۆ-رۈپ، بىللە ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ بۇرۇن مۇھەببەتلەشكەن چاغلىرى-نى ئادەتتىكى پاراڭ تېمىسى قىلىۋالسىڭىز بولمامدىمۇ؟ بۇنىڭ ئۈنۈمى ئەسەبىيلەرچە قىلغان ھەرىكىتىڭىزدىن ياخشى بولىدۇ. سىزنىڭ ئاق كۆڭۈللىكىڭىز، كەڭ قورساقلىقىڭىز، ئېرىڭىزنى مەستخۇش قىلىدۇ. سىزدەك بىر ئايال بىلەن توي قىلغىنىدىن مەڭگۈ ئۆكۈنمەيدىغان بولىدۇ. چۈنكى ئەرلەر مۇلايىملىق ۋە كەڭ قورساقلىق ئالدىدا مەڭگۈ تىز پۈكىدۇ.

**ئىبتى ئۇلۇغ، سۆيۈرىسى قۇرۇق ئايالار قۇرۇق ھەيۋە قى-لىشنى، تېرىكىشنى ياخشى كۆرىدۇ.**

**— تۇرگىنېۋ**

**توغرا، سەۋر ئاچچىق، لېكىن ئاقىۋەت،**
**تاتلىق مېۋە بېرەر ھەم كۆپ مەنپەئەت.**

**— جالالىدىن رۇمى**

## 64 . قېيىنانىڭىزنى ئۆز ئانىڭىزدەك كۆرۈڭ

ئەرلەرنىڭ نەزىرىدە ئانىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى، مۇكەممەل، نۇقسانسىز، كۆيۈمچان ئانا، ئۆزىنى باشقا ياللىردىنمۇ بەك ياخشى كۆرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئانىسى ھەرگىز خاتالىق ئۆتكۈزمەيدۇ، شۇڭا، ئانىسىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆزىنىڭ ئايالىنى ئۆلچەيدۇ. ئايالىغا قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، ئايالىنى ئانىسىغا سېلىشتۇرىدۇ. قىسقىسى، سىز ئېرىڭىزنىڭ بۇ كۆزقارىشىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتەلمەيسىز.

مەن توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، چېچىمنى ياساتقىلى بىر ساتىراچخانىغا كىرىپ، چېچىنى ياستىۋاتقان 60 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال بىلەن بىرەر سائەتتەك پاراڭلىشىپ قالدىم.

— تېخى يېڭى توي قىلىپسىز قىزىم، قېيىنانىڭىزنى چوقۇم ئۆز ئانىڭىزدەك كۆرۈڭ،— دېدى ئۇ ئايال ماڭا،— چۈنكى ئەرنىڭ نەزىرىدە ئانىسى ھەر قانداق ئادەمدىنمۇ مۇھىم، ئەگەر قېيىنانىڭىز سىزنى كېلىنلىككە يارايدىكەن دېسە، سىزنى ئېرىڭىز تاشلىۋېتىمەن دەپمۇ تاشلىۋېتەلمەيدۇ؛ ئەگەر قېيىنانىڭىز سىزنى بولمايدىكەن دېسە ئېرىڭىزنىڭ سىزگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىمۇ سىزنى ساقلاپ قالالمايدۇ. سىزنى ئېرىڭىز قويۇۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ، قېيىنانىڭىز «قويۇۋېتىدۇ». مېنىڭ بىر ساۋاقدىشىم

بار ئىدى. ئېرى ئۆيدىكى 11 بالىنىڭ چوڭى. شۇڭا، ئۇمۇ شۇ ئۆيدىكى قېينانىسىدىن قالسىلا ئانا ھېسابلىناتتى. ئۇ ساۋاقدىشىم بارلىقىنى شۇ ئائىلىگە ئاتىۋەتكەن. ئۇنىڭ قېينانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۆرسىڭىز، ئۇلارنىڭ قېينانا ـ كېلىن ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيسىز. ئېرى 40 ياشقا كىرگەندە قوشنا مەھەللىدىكى ئېرى بار بىر ئايالغا بۇزۇلۇۋېدى، ئۇ ساۋاقدىشىم بىر نەرسە دېمەي، ئەكسىچە قېينانىسى بىر كۈنى ئوغلى ئاشۇ خوتۇننىڭ يېنىدىن كېلىشىگىلا، بىر كالتەكنى كۆتۈرۈپ:

— تۈزەلمىسەڭ سەندەك ئوغلۇم يوق، بۇ ئۆيگە كىرگۈچى بولما!— دەپ كالتەك بىلەن مەھەللىدە قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇۋېدى، ئۇ ساۋاقدىشىمنىڭ ئېرى ئىككىنچىلەپ ھېلىقى بۇزۇقنىڭ يېنىغا يولىمىدى. ھازىر ئىككىسى نەچچە نەۋرىلىك بولۇپ ناھايىتى بەختلىك ياشاۋاتىدۇ، مانا قاراڭ قىزىم، سىز ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم، بەختلىك ياشاي دېسىڭىز قېينانىڭىزنى ئۆز ئانىڭىزدەك كۆرۈڭ.

ئون نەچچە يىللىق تۇرمۇشۇمدا ئاشۇ ئايالنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى نەچچە مىڭ قېتىملاپ چۈشىنىپ يەتتىم. سىزمۇ بولسا قېينانىڭىزنى ئۆز ئانىڭىزدەك كۆرۈڭ.

**يىقىلىپ چۈشسەم مېنى كىم يۆلەپ قويىدۇ؟ ماڭا كىم قىزىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ؟ ئاغرىغان يېرىمگە كىم سۆيۈپ قويىدۇ؟ — ئانام.**

**— تاگور**

**ياشلىق تەلۋىلىكىنى تاشلاپ بېشىڭدىن،**
**ئانا خىزمىتىدە بولغىن يېشىڭدىن.**

**— ناسىر خىسراۋ**

## 65 . ئىرىنچىز بورۇن ياشىغان، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايلىرىنى بىللە بېرىپ كۆرۈپ كېلىش

مەن ھەر يىلى يازدا غۇلجىغا بارغىنىمدا قېيناتام بىزنى ئېلىپ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسىنى، چوڭ بولغان ئۆيىنى، دوست ـ بۇرادەر، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى، ئۆزىنىڭ ئىگىلىك تىكلىگەن، جاپا تارتقان يەرلىرىنى كۆرسىتىپ كېلىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ ھەمدە ئىككى ـ ئۈچ كۈنلۈك سەپەر جەريانىدا كىچىكىدىن باشلاپ ئۆتكۈزگەن بارلىق تۇرمۇشىنى ئىنتايىن قىزىقارلىق، يۇمۇرلۇق، تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بېرىدۇ. بەزىدە كۈلۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتسە، بەزىدە ئېچىنىشلىق ئۆتكەن كۈنلىرىدىن ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كېتىدۇ. مېنىڭ ئىنتايىن قىزىقىش، ھەيرانلىق، پەخىرلىنىش، قايىل بولۇش نەزىرىدە ئاڭلىغىنىمنى كۆرسە قېيناتام تېخىمۇ خۇشال بولۇپ:

— ئاپىڭىز مەن ياشىغان يەرلەرنى كۆرگۈسى كەلمەيدۇ قىزىم، سەھرا دەپ ياراتمايدۇ، كېلەر يىلى كەلگىنىڭلاردا سىلەرنى يەنە ئاچىقىمەن، — دەيدۇ.

شۇنداق، ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى قېيناتامنىڭ قەدىم

جايلىرىنى ئۇدا كۆرۈپ، ھېكايە ـ يۇمۇرلىرىنى توختىماي ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن. شۇڭا قېيناتام مېنى خۇددى ئۆز قىزىدەك ياخشى كۆرىدۇ.

دېمەك، ئادەم ئەسلەش ئىنچىدە ياشايدىغان مەخلۇق، ئېرىدىگىز بىلەن ئۇ بۇرۇن تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئۆگەنگەن ۋە خىزمەت قىلغان جايلارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېرىڭىزنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىش جەريانىنى قايتىدىن ئەسلىشىپ بەرسىڭىز، ھەر قانچە قەيسەر، ئېگىلمەس ئەركەكمۇ سىزنىڭ پەزىلىتىڭىز ئالدىدا تىز پۈكىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا ھامان ئەسلىگۈدەك نۇرغۇن جايلار بولىدۇ. مەسىلەن: يۇرتى، ئانا مەكتىپى، تۇنجى قېتىم مۇھەببەتلەشكەن چىغىر يول قاتارلىقلار. ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشى ئۇنى تەربىيىلىگەن مۇھىتتىن، ھەممە ئاشۇ مۇھىتتىكى ئادەم ۋە شەيئىلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئېرىڭىز بىلەن بىللە ئۇنىڭغا تونۇش بولغان ھەم ئۇ قىزغىن سۆيىدىغان كونا جايلارغا بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭ. بۇنىڭ سىلەرنىڭ نىكاھ تۇرمۇشۇڭلارغا ناھايىتى زور ياردىمى تېگىدۇ.

بىر ئادەم دوستلىرىغا، مۇھەببىتىگە خائىنلىق قىلىشى مۇمكىن، بىراق بىردىنبىر خائىنلىق قىلالمايدىغان نەرسە ئۆزىنىڭ قەلبى.

**يار ئۇچۇن كۆيمىگەن، جان پىدا قىلمىغان كىشىنى ھەقىقىي ئاشىق دېگىلى بولمايدۇ.**

**— موللا بىلال نازىمى**

**ھەر ئىشتا گەر ئىنسان كۆرسەتسە ھىممەت،**
**تىكەنمۇ گۈلدەستە بولار ئاقىۋەت.**

**— سەئىدى شىرازى**

## 66 . ئىرىڭىز بىلەن ساياھەتكە چىقىڭ

سىرتقا چىقىپ ساياھەت قىلىش بىر خىل پايدىلىق پائالىيەت بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق جىددىي كەيپىياتنى تەڭشىگىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە نەزەر دائىرىسىمۇ كېڭەيتكىلى بولىدۇ. ساياھەت قىلىش ئارقىلىق ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلارنى ئۆتكۈزۈش ھازىرقى نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ، بولۇپمۇ شەھەر ئائىلىلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئائىلىلەرنىڭ بىر خىل ئورتاق پسىخىك خاھىشى بولۇپ قالدى.

ئەگەر بىر ئادەم ئۇزۇن مەزگىل ئۆزگىرىش كەمچىل مۇھىت ئىچىدە ياشىسا، كۆڭلىدە ئاسانلا نارازىلىق پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان خىزمەت، ئۆي ئىشى ئادەمنى ئاسانلا كاردىن چىقىرىپ، ھارغىنلىق ۋە نارازىلىق چېكىگە يەتكەندە ئۇنى جەڭگى ـ جېدەل ئارقىلىق ھەل قىلىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى — مۇھىتنى ئۆزگەرتىش بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت سىرتقا چىقىپ، ساياھەت قىلىشقىلا توغرا كېلىدۇ.

لېكىن، ساياھەت قىلىشقا بىرىنچىدىن، پۇل؛ ئىككىنچىدىن، ۋاقىت؛ ئۈچىنچىدىن، جىسمانىي كۈچ كېتىدىغان گەپ. ئەگەر سىزدە مۇشۇ شارائىتلار ھازىرلانغان بولسا ئىرىڭىز ۋە بالىلىرىڭىز

بىلەن ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈپ كېلىشنى ئارزۇ قىلغان جايلارنى كۆرۈپ كېلىش. بۇنىڭ بىلەن سىلەر ساياھەت جەريانىدا ئۆت-كۈزگەن كۆڭۈللۈك، يۇمۇرلۇق، بەزى ئاچچىق - مىچۇچۇك ئىشلار كېيىنكى بىر مەزگىللىك تۇرمۇشۇڭلارنىڭ پاراڭ تېمىسى بولۇپ قالىدۇ - دە، كۆڭلىڭلار خېلى بىر مەزگىلگىچە مەنىلىك ئۆتىدۇ.

سەپەر قىلمىغان كىشىگە نەدىمۇ ھوشيارلىق يەتسۇن؟! خى-زىرمۇ سەپەر قىلغانلارنىڭ ھەمراھىدۇر. بوسۇغىدىن پۇت ئالمى-غان كىشى ھېچنىمىدىن خەۋەردار بولالمايدۇ. ئۆز كۆڭلىگە ئازا-دىلىك بېرىپ، مەقسەت يولىدا سەپەر قىلغانلار ئەڭ ياخشى كى-شىلەردۇر.

— ئەلىشىر نەۋائىي

يىگىتتە بولسىمۇ ئەقىل گۆھىرى،
تەجرىبىسىز جۇلالانماس ھۈنىرى.
تىتىپ كۆرۈش كېرەك ياخشى - ياماننى،
ھاياتنىڭ شېرىن، ئاچچىق نادانىنى.

— ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى

## 67 . ھەرگىز شۇم ئېغىزلىق قىلماڭ

مۇنداق بىر يۇمۇر بار ئىكەن:

ئىككى ئاكا ـ ئۇكا بىر مەھەللىدە تۇرىدىكەن ھەمدە دائىم كىرىش ـ چىقىش قىلىپ، ئىناق ئۆتىدىكەن.

بىر كۈنى ئاكىسى كېچىدە غەلىتە چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ ۋە ئەتىسى ئايالىغا:

— ئاخشام غەلىتە بىر چۈش كۆرۈپتىمەن،— دەپتۇ.

خوتۇن: قېنى دەپ باقسىلا، مەن ئۆرۈپ باقاي.

ئېرى: مۇنداق ئۈچ چۈش كۆرۈپتىمەن. بىرىنچى چۈشۈمدە: ئىككى پۇتۇم بىر ئۆتۈككە تىقىلىپ قاپتۇ.

خوتۇنى: ياخشىغۇ، بۇندىن كېيىن قەدەممۇ ـ قەدەم ئۆرلەيدىكەنلا!

ئېرى: ئىككىنچى چۈشۈمدە: ئىككى مېيىت ساندۇقى ئۈستى ـ ئۈستىگە قويۇقلۇق تۇرغۇدەك.

خوتۇنى: بۇمۇ ياخشى، ئەمەللىرى ئۆسكۈدەك.

ئېرى: ئۈچىنچى چۈشۈمدە: دېرىزەمنىڭ سىرتىدا كاناي ياڭراۋاتقۇدەك.

خوتۇنى: ۋاھ، تېخىمۇ ياخشى، ياخشى نام ـ شەرىپلىرى

جاھانغا پۈر كەتكۈدەك.

بۇ تەدبىردىن ئەرنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇكىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ خوتۇنىغا:

— يەڭگىمىز ئاجايىپ ئەقىللىق ئىكەن، ئاكامنىڭ چۈشىنى شۇنداق ياخشى ئۆرۈپ بېرىپتۇ،— دەپتۇ.

خوتۇنى: ئۇ قانچىلىك ئىشتى، مەن ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئۆرىيەلەيمەن.

كېچە ئۆتۇپ ئەتىسى سەھەردە، ئۇكىسى خوتۇنىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، ئاكىسىنىڭ چۈشىنى خوتۇنىغا ئۆزۈم چۈش كۆردۈم، دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ئاخشام كۆرگەن بىرىنچى چۈشۈمدە، ئىككى پۇتۇم بىر ئۆتۈككە تىقىلىپ قاپتۇ.

خوتۇنى: ئاپلا چاتاق بوپتۇ، بۇندىن كېيىن ئىشلىرى پەقەتلا ئىلگىرى باسمايدىكەن.

ئەر: ئىككىنچى چۈشۈمدە، ئىككى مېيىت ساندۇقى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇغلۇق تۇرغۇدەك.

خوتۇنى: تېخىمۇ چاتاق، پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىدىكەنلا.

ئەر: ئۈچىنچى چۈشۈمدە، دېرىزەمنىڭ سىرتىدا كاناي ياڭراۋاتقۇدەك، بۇغۇ ياخشىدۇ؟

خوتۇنى: ھەي، تېخىمۇ چاتاق بوپتۇ، سىلى ئۆلسىلە بىز ھازا ئاچىدىكەنمىز.

مانا قاراڭ، بۇ ئىككى ئېپى - يەڭگىنىڭ چۈش ئۆرۈشىدىنلا ئىككىسىنىڭ خاراكتېرىگە ۋە ئېرىگە قانچىلىك پايدىسى تېگىدىغان - تەگمەيدىغانلىقىغا، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى قانچىلىك

ئاللايدىغان ـ ئاللامايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

شۇڭا، تۇرمۇشىڭىزنى ئېخىمۇ خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزەي، ئېرىمنىڭ كۆڭلىنى ئۇتاي دېسىڭىز، ھەرگىز شۇم ئېغىزلىق قىلـ ـماڭ.

**ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئايال — بايلىق، ئەقىل پاراسەتلىك ئايال — كۈچ.**

**— مېرىدىت**

**يا ئويلاپ سۆزلە ئىنسان مىسالى،**
**يا جىم ئولتۇر ھايۋان مىسالى.**

**— سەئدى شىرازى**

## 68 . ئىرىگىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتى ئۈمىد قىلسىگىز ، نىشان بەلگىلىشىپ بېرىڭ

نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا بۇرۇن قول ئىلكىدە بار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بولۇشى ناتايىن. قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلىگەنلەرمۇ نۇرغۇن، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەب، ئۇلاردا بىر بۈيۈك مەقسەت، يۆنىلىش بار. ئۇلار ئۆزىنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

مەقسەتسىزلىك — مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغانلارنىڭ ئەپ-سۇنى. ئۇلار قارىسىغىلا خىزمەت ئىزدەيدۇ؛ قارىسىغىلا تۇرمۇش قۇرىدۇ. ئۇلار ۋاقىتنى زايە قىلىدۇ. ئەھۋال ئۆزگىرىپ قالار، خۇدايىم بېرەر دەپ تېگىرقىغان ھالدا تىلەيدۇ، كۈتىدۇ، خىزمىتىدىنمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىمەيدۇ، نارازى بولۇپلا يۈرىدۇ. كۆڭ-لىدە ئېنىق ئارزۇ ۋە غايە يوق.

ياشاشتا چوقۇم مەقسەت بولۇش كېرەك. شۈكرى ـ قانا-ئەت قىلىش ياخشى ئىش، بىراق، خۇدا: يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارىلىشنىڭ ئۆزۈڭدىن دېيىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى ھەرىكەت قىلىشقا، ئەقلىي قۇۋۋىتى، ئىمكانىيىتى يار بېرىدىغانلا ئىش بولسا،

تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىلھام بېرىۋاتقان يەردە، يەنە تەييارتاپلىق قىلىپ ياشاش ئادەم ئۈچۈن ھاقارەت.

بىر خوتۇننىڭ ئېرىگە ھەمكارلىشالايدىغىنى ئېرىگە ياردەملىشىپ، ئۇنىڭغا ياشاشتىكى ئارزۇ ـ ئارمىنىنى تېپىشىپ بېرىشتىن ئىبارەت. شۇندىلا بۇ خوتۇن ئېرى بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ھەمكارلىشىپ، بۇ غايىلەرنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بايلىق، نام ـ ئاتاق، ئامانلىق، ھوقۇق، كۆپچىلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىش... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سىزدە بولىدۇ. ئۇ چاغدا تۇرمۇشىڭىز يەنە مەنىسىزلىك ئىچىدە ئۆتەمدۇ؟ ياق، تېخىمۇ يېڭى نىشانلار، تېخىمۇ غايىلىك ئىشلار سىزنى كۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ، سىز ئېرىڭىزنىڭ تېخىمۇ يېڭى نىشانلارنى بەلگىلىشىگە ياردەملىشىڭ، مەڭگۈ ئالغا باسىدىغان ئەر بولۇشىغا ئىلھام بېرىڭ.

**مۇۋەپپەقىيەتلىك داغدام يولدا يول بويى ئەرلەرنىڭ غەيرىتىدىكى غەيرەت قوشىدىغان ئاياللار تولۇپ تۇرىدۇ.**

**— دۇئېل**

**بولمىسا قۇلاق ۋە كۆڭۈلدە دىت ـ پەم،**
**بار ئۇلار ئىشەكتە، قىچىردىمۇ ھەم.**

**— خۇسراۋ دېھلىۋى**

## 69. ئىرىڭىزنىڭ خىزمەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى قانداق؟

مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەرلەرنىڭ ئاغزىدىن تۇرمۇش نېمىدېگەن مەنىسىز؟ ئەتىگەندە تۇرىدىكەنمىز، مەكتەپكە كېلىدىكەنمىز، چۈشتە تاماق يەيدىكەنمىز، يەنە ئۆتسەك يەنە شۇ دەرس، ئويناي دېسەك يانچۇقتا پۇل يوق، يا قىلىدىغانغا ئىش يوق... دېگەننى ئاڭلاپ ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىمەن. ئەر كىشى دېگەندە ئازراقمۇ ئىنتىلىش، قىزغىنلىق بولمىسا، بىرەر ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلاي دەيدىغان ئىستەك بولمىسا، قانداقمۇ ئەر ھېسابلىنىدۇ؟ بەلكىم مېنىڭ ئەرلەرگە بولغان تەلىپىم بەك ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندۇ، بىراق مېنىڭچە ئەر بولغاندىكىن ھەممىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشۇم، ھەممە ئىشتا بىرىنچى بولۇشۇم، بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىشىم كېرەك، دەيدىغان ئاڭ بولۇشى، پەس، چاكىنا ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنىڭ كەينىدە يۈرمەي، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەش، نەتىجە قازىنىش كېرەك.

قىزغىنلىق دېگەن سۆز (ئېنگلىز تىلىغا) گرېك سۆزىدىن كىرگەن بولۇپ، مەنىسى «ئىلاھنىڭ ۋەھىيسىنى ئالغان» لىق دېگەنلىككەن. ئۇنداقتا، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلارنى، خىزمەتكە قىزغىن پوزىتسىيە تۇتمايدىغانلارنى ئىلاھمۇ

يۆلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنداقلارنىڭ تۇرمۇشى هامان ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈشى تۇرغانلا گەپ.

ئۇنداقتا سىزمۇ شۇنداقمۇ؟ ئېرىڭىزنىڭ خىزمەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن رازىمۇسىز؟ ئەگەر رازى بولمىسىڭىز، ئېرىڭىزنى خىزمەتكە قانداق قىزىقتۇرۇشنى ئويلاپ كۆرۈڭ، لېكىن ئالدىنقى شەرت — تاپا - نەتە قىلىپ ئېرىڭىزنى چۈشۈرمەڭ. تۇرمۇشىدا خوتۇن، خىزمىتىدە كاتىپ بولۇڭ.

**ئالدىراش بىر ئەرنىڭ خوتۇنى بولۇش ئىنتايىن بەختلىك ئىش، ھالبۇكى ۋەزىپە ئۆتىمەيدىغان ياكى ئائىلىسىنىڭ بايلىقىدىن كۈن بويى قىلارغا ئىش تاپالماي يۈرىدىغان ئەرلەر ئاياللار ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر يۈك.**

**— بالزاك**

**كىشىنىڭ بولسا گەر ياخشى ئايالى،**
**دېمە خوتۇن، دېگىن ئەرنىڭ كامالى.**

**— ئالىمەت ئۇل بەنات**

## 70 . بالىلىرىڭىزغا پات ـ پات پۇل بېرىپ تۇرۇڭ ھەم قانداق خەجلەشنى ئۆگىتىڭ

مەن ئادەتتە ئىككى بالامغا قىلغان ئىشىغا قاراپ ھەق بېرىمەن. مەسىلەن: ئوغلۇم ئاياغلارنى سۈرتۈپ، ئاياغ ئىشكابىنى رەتلەپ قويسام ماڭا بىر كوي بېرەمسەن، دەيدۇ. مەن ماقۇل بولىمەن. ئۆزىنىڭ كۈچى يېتىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا قاراپ پۇل بېرىمەن. قىزىمغا مۇقىم ھەپتىلىك مائاش بېرىمەن. مەسىلەن: قاچا يۇيۇش ۋە ئاشخانىنىڭ پولىنى سۈرتۈش دائىملىق خىزمىتى. ئۇنىڭدىن سىرت، ماڭا ياردەملىشىپ قىلغان ئىشلىرىغا يەنە ھەق قوشۇپ بېرىمەن. شۇڭا ئىككى بالام بىرەر ئىشنى قىلامسىلەر دېسەم ھەرگىز ياق دېمەيدۇ. تەرلەپ ـ پىشىپ ئەمگەك قىلىپ، كەيىندىن پۇل تاپىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىنتايىن ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلەيدۇ.

باللارغا كىچىكىدىن باشلاپ پۇل ئېگىنى ئاتچە ـ مۇنچە سىڭدۈرۈشنىڭ يامان يېرى يوق. لېكىن، بىزدە باللار پۇل بىلەن بەك يېقىن بولۇپ كەتسە مىجەزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ دەيدىغان بىر گەپ بىلەن ھەر قانداق ئىشنى خالىس قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ خىل تەربىيىنىڭ ياخشى تەرەپلىرى كۆپ. بىراق بۇنداق تەربىيىلەنگەن باللاردا ئىقتىسادىي كاللا تازا

ئوچۇق بولمايدۇ، قورقۇنچاق بولۇپ قالىدۇ.
بۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋر ئىقتىدار تېخىمۇ تەكىتلىنىدىغان، ئىقتىدارسىزلار شاللىنىپ كېتىدىغان، ھەممە پۇل تېپىشنى بىلىدىغان ئىقتىسادىي كاللىسى بارلار تېخىمۇ ئەتىۋارلىنىدىغان دەۋر بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا كىچىكىدىن باشلاپ بالىلارغا پۇل توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىش، قىلغان بەزى ئىشلىرىغا مۇۋاپىق ھەق بېرىش، ھېيت ـ بايراملاردا ھېيتلىق پۇل بېرىش ھەممە ئۇنى قانداق يىغىش، قانداق خەجلەش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش ئىنتايىن مۇھىم.
بالا تەربىيىلەش ئانىلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇشكۇل بىر مەسىلە. كەلگۈسىدە بالىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قانداق بولۇشى بىزنى ئۇلارغا سىڭدۈرگەن تەربىيىلىرىمىزگە زور دەرىجىدە باغلىق بولىدۇ.

**ھەر كىمگە ئاتا ـ ئانىسى، ئەدەپ ـ تەربىيە ئۆگەتمىسە، زامان ئۇنىڭغا تۇرلۇك جەبىر ـ جاپالار ئارقىلىق تەربىيە بېرىدۇ. پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش ئاتا ـ ئانىلىق مەجبۇرىيەتتۇر.**

**— قابۇس**

**تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز ـ ئوغۇل،**
**ئاڭا تەربىيىچى سەن ئۆزۈڭلا بول.**

**— يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

# 71 . ھەر ئايدا بىر قېتىم ئېرىڭىز بىلەن كىنو كۆرۈپ كېلىڭ

توي قىلىپ بالىلىق بولۇپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ تۇرمۇشىدا قىلىدىغانغا گەپ قالمىغاندەك زېرىكىشلىك بىر خىل تۇيغۇ شەكىللىنىدۇ، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن، سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ھەلەكچىلىكى، تۈگىمەس ئۆي ئىشلىرى بىلەن پالاقلاپ يۈرۈپ، بۇ خىل مەنىسىزلىك تېخىمۇ ئېغىرلىشىشقا، ھەتتا ئەر كىشى باشقا ئاياللار بىلەن مۇڭدىشىش ئارقىلىق غىدىقلىنىشقا موھتاج بولىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. ئەگەر بۇ خىل مۇڭدىشىش داۋاملىشىۋەرسە، ۋاقتىدا ھەل قىلىنمىسا ئاخىرى بېرىپ نىكاھىڭىزدا ئۈچ بۇرجەكلىك مۇناسىۋەت شەكىللىنىدۇ. پسىخولوگلار يۇقىرىقىدەك دوستلۇقتىن ھالقىپ كەتكەن، ئاشىنىدارچىلىقتىن يېنىكرەك تۇرىدىغان، پىكرى بىر يەردىن چىقىدىغان مۇنداق ھېسسىياتنى «تۆتىنچى خىل ھېسسىيات» دەپ ئاتىغان. ئەگەر بۇ خىل ھېسسىيات ۋاقتىدا كونترول قىلىنمىسا، ئائىلە تۇرمۇشىدا ئېغىر بۆھران يۈز بېرىدۇ.

مۇھەببەت پەرۋىشكە موھتاج. قىزغىن ھېسسىيات ئىچادقا، مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ، مۇھەببەتلەشكەن چاغلىرىڭلاردا بارىدىغان كىنوخانىغا قايتا بېرىپ كىنو كۆرۈڭلار؛ مۇھەببەتلىشىپ

ماڭغان يوللارغا قايتىدىن قەدەم بېسىڭلار؛ ھەپتىدە بىر قېتىم بالىلىرىڭلارنى ئېلىپ سىرتتا ئوپچە تاماقلىنىپ كېلىڭلار، بۇنداقتا، كۆڭلەرمۇ، ھېسسىياتىڭلارمۇ يېڭىچە تويۇلىدۇ.

قانچە ھارسىڭىزمۇ خىزمەت قىلمىسىڭىز، قانچە ئالدىراش بولسىڭىزمۇ ئېرىڭىزگە ھەمراھ بولمىسىڭىز بولمايدۇ. بۇ زامانىۋى ئاياللارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان قىيىن بولغان ئىككى تاللاش بولۇپ، پەقەت ئۆزىڭىزلا بۇنى ھېس قىلالايسىز، تەكچۈڭلاشتۇرالايسىز. ئالدىراشلىق ئىچىدىن بوش ۋاقىت چىقىرىپ، ئېرىڭىزنىڭ ئامراقلىقى ۋە چوڭقۇر ھېسسىياتىنى قولغا كەلتۈرۈڭ.

خوشال بولغاندا تەڭ خۇش بولىدىغان، قايغۇرغاندا تەڭ قايغۇرىدىغان ئەر ـ خوتۇنلار ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدۇ.

**ئوت چاقناپ تۇرغان شائىرانە مۇھەببەت — ھاياتىمىزنىڭ گۈلتاجى، ياشلىقنىڭ ئالىي ئارزۇسىدۇر.**

**— بېلىنىسكى**

**باشقا تۇگمەن ئېشى كەلگەندە ھەتتا،**
**دىلبىرىدىن قايتسا دىل ئەمەس ئەسلا.**

**— نىزامىدىن گەنجەۋي**

## 72 . ئىرىڭىز بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇڭ

ئۇلۇغلار ئېيتىدۇ: ئۆگىنىشنىڭ دۈشمىنى ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ قېلىش، ئەگەر ئۆزىڭىزدە قايناق ھېسسىيات، غايە ھەم ساپلىقنى ساقلاپ قالماقچى بولسىڭىز ئۇنداقتا كىتاب ئوقۇڭ. كىتاب ئىنسانلارنى ئالغا باستۇرىدىغان پەلەمپەي، شۇنداقلا مۇھەببەتنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىدىكى تۇپراق.

بىلىملىك ئاياللار دېگىنىمىز، بىلىمنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن. بۇ ئارقىلىق باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئىدىيە ۋە ساپاغا ئىگە بولغان ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئاياللار ئاشلاشلارغا قارىغاندا پادىشاھلارنى كۆرسىمۇ مىت قىلىپ قويمايدىكەن، ئەرلەرنى كۆرسىمۇ بېشىنى ئەگمەيدىكەن.

ئادەم كىتابتىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىدۇ، ئارتۇقچىلىقنى بايقايدۇ؛ كىتاب ئارقىلىق ئادەم ئۆزىنىڭ مەنىۋى بايلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە سىزنىڭ قانداق كىتاب ئوقۇشىڭىز ۋە قانداق ئوقۇشىڭىزدا.

بەزىلەر بەلكىم مەن كىتاب ئوقۇمىساممۇ، يەنىلا خەقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالايمەن دەپ پو ئېتىشى مۇمكىن. بىراق بۇ پەقەتلا

ۋاقىت مەسىلىسى، ئەگەر مەڭگۈ ئىچىڭىز قۇرۇق پېتى كېتىۋەر-
سىڭىز كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بەلكىم ئېرىنگىزنى جەلپ قىلىدىغان،
ئېرىنگىز بىلەن ئورتاقلىشىدىغان ھېچنىمىڭىز قالماسلىقى مۇمكىن.

**كىتاب — كەلگۈسى ئايالالارغا ھەقىقىي ئايال بولۇپ چىقىشنى ئۆگىتىدۇ.**

**— سولوۋىچىك**

**گەر كىمگە بولمىسا ئەقىل، بىلىم يار،**
**قوشما ئۇنى ئادەم سانىغا زىنھار.**

**— ئابدۇلمەجىد سەنائى**

## 73. ئېرىگىز ياخشى كۆرىدىغان بىرەر ئۆسۈملۈكنى ئۆستۈرۈڭ

گۈل ـ گىياھ بېقىش، ساز چېلىش، شاھمات ئويناش، رەسىم سىزىش، ھۆسنخەت يېزىش، ئەرمەك ھايۋانلارنى بېقىش، مۇزىكا ئاڭلاش يەنىلا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بىر خىل خۇشال-لىق.

گۈل ـ گىياھ، ئۆسۈملۈكلەر ئۆيىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىگە ھۆسن قوشۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆيىنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەشكە-مۇ پايدىلىق. ياپيېشىل مەنزىرە گۈللەر ياكى رەڭگارەڭ ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۈللەر ئادەمنىڭ چارچىغان نېرۋىلىرىنى ئارام ئالدۇ-رۇشنىڭ ياخشى دورىسى. ئېرىگىز خىزمەتتىن چارچىغان مېڭىسىد-نى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن، سىز يوپۇرماقلىرىنى سۈرتۈپ پارقى-رىتىۋەتكەن ۋە كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىپ، رەڭگارەڭ ئې-چىلدۇرۇۋەتكەن گۈللەرنى سىيلاپ، پۇراپ، تۇرمۇشنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكىنى، تەبىئەتنىڭ جەلپكارلىقىنى، ئايالىنىڭ قوللىرىنىڭ تولىمۇ چېۋەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ ـ دە، تۇرمۇشتىن يەنە بىر قېتىم تولۇق رازى بولىدۇ.

گۈل بېقىشنىمۇ بىلمەيدىغان بىر ئايالدىن ياخشى بىر ئەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى قانداقمۇ ئۈمىد قىلغىلى بولىدۇ؟

بىر تەشتەك پىكۇس، ياپونىيە كامبلىيەسى، بىر توپ يىپ-
تەككۆل، شاھزادىگۈل، ئانارگۈل... ئىشقىلىپ نىمىلا بولسا
بولىدۇ. ئىرىگىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر تەشتەك گۈل
بولسىمۇ بىقىپ قويۇڭ.

پەيلاسوپلار شۇنداق ئىيتىدۇ:

«ئاياللار بىلەن تىگى پەسلەرنى بىقىش تەس».

قەددىنى رۇسلاپ خوجايىنلىق ئورنىدا تۇرۇۋاتقان ئاياللار
بولسا مۇنداق دەيدۇ: «بىز گۈل باقىدىكەنمىز، ئەمما بىز باققان
گۈللەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تىكىنى بار ئىكەن ئەمەسمۇ!»

قىزىقىش، ھىسسىيات، مىجەز - خۇلق ۋە خاراكتىر جەھەت-
تىن بىر - بىرىگە ماس كېلىشكە قاتتىق تەلەپ قويۇش لازىم.
بىر - بىرىگە ماس كەلگەن مۇشۇنداق ئەر - خوتۇنلار يۈز بېرىش
ئىھتىمالى بولغان بارلىق توپۇقسىز زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرە-
لەيدۇ. ئۇلار بىرلىكتە نامراتچىلىقتا ياشىسىمۇ، مال - مۈلكى
ئېشىپ - تېشىپ تۇرغىنى بىلەن كۆڭلى بۆلەك ئەر - خوتۇنلار-
دىنمۇ بەختلىك ياشىيالايدۇ.

— روسسو

ھۈنەر بىلەن ئەقلىڭ بىرلەشكەن ھامان،
ھەر ئىش بۇ جاھاندا يورۇشەر راۋان.

— ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى

## 74 . ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭ

ئالاقە ئىنسانلاردىكى ئورتاق قوغلىشىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنسانلاردىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىجتىمائىي پائالىيەت. ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىجتىمائىي قىممەت قارىشىڭىزنى ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەتكە ماسلىشىش قابىلىيىتىڭىزنى يۇقىرى كۆ- تۈرۈپ، ئۈمىدۋار كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى شەكىللەندۈرۈپ، خاراكتېرىڭىزنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئەگەر كىشىلىك مۇناسىۋىتىڭىز ۋە ئالاقىڭىز توسالغۇغا ئۇچرىسا، پسىخىكىڭىزنىڭ بىنورماللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بۇ ئائىلىدە ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتكىمۇ بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللار سىزدە مەۋجۇت بولسا، دەرھال تۈزىتىپ، ساغلام پسىخىكا شەكىللەندۈرۈڭ.

1) شەخسىيەتچىلىك — بۇ بىرخىل ئالاقىدىكى ئېغىر بولغان پسىخىك توسالغۇ، شەخسىيەتچى كىشىلەر بىرەر ئىش قىلغاندا ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ھەۋىسىنى مەركەز قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ. باشقىلارنىڭ نېمە ئويلا- ۋاتقانلىقىنى بىلەن كارى بولمايدۇ، ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى، تەجرىبى- سى بويىچىلا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ. جاھىل، ئۆزىنىڭ كۆز

قارىشىدا قارىغۇلارچە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ. بۇنداق ئادەمدىن ھەممە-لا كىشى قاچىدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ پىكرىنىمۇ قوبۇل قىلىشى، باراۋەر ئارىلىشىشى كېرەك.

2) ئىزا تارتىش — ئۆزىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنى ھەددى-دىن زىيادە چەكلەپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى تولۇق ئىپادىلىيەل-مەسلىكتىن ئىبارەت. ئەسلىدە بىر ئادەمدە ئىزا تارتىش پسىخىكى-سىنىڭ بولۇشى نورمال ئەھۋال، لېكىن ئەگەر بۇ ئىزا تارتىش باشقىلار بىلەن بولغان نورمال ئالاقە ۋە دوستلۇقنى بەرپا قىلىشقا توسالغۇلۇق قىلسا، ئاخىر بېرىپ ئۈمىدسىزلىنىش، قايغۇرۇش ۋە تەنھالىق كېلىپ چىقىپ، ئاجىز ۋە سوغۇق قان بولۇپ قالىدۇ. بۇنى يېڭىش ئۈچۈن ئۆزىدىكى بوپىنى تاشلىۋېتىش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئالاقىلىشىشنى ئۆگىنىۋېلىش، تەن ساپاسىنى ئۆستۈ-رۈش لازىم.

3) ئۆزىنى كەمسىتىش — بىر ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك بېتەرىسىزلىكى ياكى پسىخىك بېتەرىسىزلىكى ھەممە باشقا سەۋەب-لەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدىغان ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش بولۇپ، ئۆزىنى مەلۇم تەرەپتىن ياكى بىرنەچچە تەرەپتىن باشقىلارغا يېتەلمەيمەن دەپ قارايدىغان كەيپىيات تۇيغۇسى، بىر ئادەمدە مۇشۇنداق ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسى پەيدا بولۇپ قالىدى-كەن، شۇ ئادەمنىڭ ئالاقە پائالىيىتىگە ئېغىر توسالغۇلۇق قىلىپ، يالغۇز، تەنھا قېلىپلا قالماستىن، ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە شان - شۆھرەت تۇيغۇسىنىمۇ تىزگىنلەپ، قابىلىيىتىنىڭ تەرەق-قىياتىنى توسالغۇغا ئۇچرىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمدە بۇ ھەسەتخورلۇق، غەزەپلىنىش، ئۆزىنى كۆزگە ئىلماسلىق قاتارلىق شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىنىپ، شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە ۋە جەمئىيەت-

كىمۇ بەلگىلىك زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، ئۆزىنى كەمستىدىغان-لار ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايقاشقا ماھىر بولۇشى، ئالاقە پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، باشقىلار بىلەن تەشەببۇسكار ھالدا يېقىنلىشىشى، قورقۇنچاقلىق ۋە ئىزا تارتىشنى يېڭىپ، ئوچۇق - يورۇق بولۇشقا جۈرئەت قىلىشى زۆرۈر.

4) ھەسەتخورلۇق — باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتى-شىدىن قورقۇش ۋە ئەنسىرەشتەك پسىخىك ھالەت بولۇپ، باشقىلار ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەندە، قارشى تەرەپنى ئاجىزلىتىش ۋە چەتكە قېقىشقا ئۇرۇنىدىغان بىرخىل ھۇجۇم خاراكتېرلىك پاسسىپ خاسلىق پەيدا بولىدۇ. ھەسەتخورلۇق پسىخىكىسى پەيدا بولغاندا باشقىلارنى زەخىملەندۈرۈش، باشقىلاردىن نەپرەتلىنىش، باشقىلارنى ھاقارەتلەش، ھەتتا ئۆچ ئېلىشتەك ھەرىكەتلەردە بو-لىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەر ئارىسىدىكى دوستلۇققا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاۋۋال باشقىلارغا بولغان بىر تەرەپلىمە قاراشنى يوقىتىش، باشقىلارنىڭ غەلىبىسىنى ئۆزى-نىڭ مەغلۇبىيىتى دەپ قارىۋالماسلىق، ھەسەتخورلۇقنى ئۆزىگە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، باشقىلارغا يېتىشىۋېلىش، ھەتتا ئېشىپ كېتىش، دىققىتىنى شۇ كىشىلەرگىلا مەركەزلەشتۈرۈ-ۋالماي، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش كېرەك.

5) كىشىگە ئارىلاشماسلىق — كۆپرەك ئىچ مىجەز ئادەم-لەردە كۆرۈلىدۇ، باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىشنى خالىمايدۇ، ئەت-راپتىكىلەرگە نىسبەتەن بىزارلىق ۋە ئەيىبلەش پسىخىكىسىدا بولىدۇ. گۇمانخور، ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىشنى ياخشى كۆرى-دۇ، دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئەھمىيىتى يوق دەپ قارايدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئالاقە ئېھتىياجى قانائەتلەنمەيدۇ، كىشىلەر

ئارىسىدىكى ھەقىقىي مۇھەببەتنى ھېس قىلالمايدۇ، بۇ خىلدىكى كىشىلەر بۇ مىجەزىنىڭ ئىنتايىن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، باشقىلار بىلەن كۆپرەك ئالاقىلىشىشى، ھېسسىيات ئال- ماشتۇرۇشى، پائالىيەتلەر جەريانىدا ئۇچۇق - يورۇق خاراكتېر يېتىلدۈرۈشى، دوست تۇتۇشقا جۈرئەت قىلىشى، تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىشى كېرەك.

6) ئارىلىشىۋېلىش (مۇداخىلە قىلىش) — ھەممىلا ئادەم- نىڭ باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراشقا رۇخسەت قىلمايدى- غان ماكانى بولىدۇ، بۇ خىل ماكان تۇرمۇش ماكانىلا بولماستىن، بەلكى پسىخىك ماكانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھېچكىممۇ ئۆزى- نىڭ شەخسىيىتىنى مەخسۇس تىڭتىڭلاپ، باشقىلارغا يەتكۈزۈپ، شەخسىيىتىگە ئارىلىشىۋالىدىغان ئادەمنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇن- داق كىشىلەر ئادەمگە خاتىرجەمسىزلىك تۇيغۇسى بېرىپلا قال- ماستىن، دائىم ئادەمنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، ھەرقانچە يېقىن دوست بولغان تەقدىردىمۇ، قارشى تەرەپنىڭ شەخسىيىتىگە ئارىلاشماسلىقىڭىز كېرەك. شۇڭا كۆپرەك ئەھمى- يەتلىك ئىشلارنى قىلىڭ، باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا تىكىلىپ تۇ- رۇۋالماڭ.

7) رول بېرىكىشى — كىشىلىك تۇرمۇش بىر چوڭ سەھنىگە ئوخشايدۇ، سىز بۇ سەھنىدە ھەرخىل روللارنى ئالىسىز. ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئالدىدا سىز پەرزەنت، قېينانا، قېيناتىڭىزنىڭ ئالدىدا سىز كېلىن، ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا سىز ساۋاقداش ياكى دوست، ئېرىڭىزنىڭ ئالدىدا سىز خوتۇن. ھەربىر رولنىڭ بەلگىلىك ھەرىكەت ئەندىزىسى بولىدۇ، ئەگەر ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ قىلىقىنى تەڭشەپ،

ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ تۇرمىسا بولمايدۇ، مانا بۇ رول بېرىكىشى.

مەسىلەن: ئاتا ـ ئانىڭىز، ئېرىڭىزنىڭ ئالدىدا ئەركىلىسىڭىز بولىدۇ، لېكىن قېينانا، قېيناتىڭىزغا ۋە ياكى باشقا ئەرلەرگە ئەركىلىسىڭىز چوقۇم ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا، قانداق چاغدا قانداق رول ئېلىشنى چوقۇم ئېنىق پەرقلەندۈرۈۋېلىشىڭىز كېرەك.

**مەن ئۆز ۋىجدانىمنى يەتتە قېتىم نەزەرگە ئىلمىدىم، شان ـ شەرەپكە ئېرىشىش يولىدا قەستەن تەكەللۇپ قىلغاندا؛ سەمىمىيەتسىز ئۆزىنى چەتكە ئالغان ۋاقىتتا؛ جاپا ـ مۇشەققەت ۋە راھەت ـ پاراغەت ئوتتۇرىسىدىكى تاللاشتا كېيىنكىسىنى تاللىغاندا؛ خاتا ئىش قىلىپ قويۇپ يەنە تېخى باشقىلارمۇ شۇنداق قىلدى دەۋالغان ۋاقىتتا؛ ئىتائەتچانلىق بىلەن بويسۇنغان تۇرۇقلۇق، ئۆزىنى قەتئىي بولدۇم دەۋالغان ۋاقىتتا؛ ئەسلىدىنلا ئۆزۈمنىڭ نۇرغۇن نىقابلىرىنىڭ بىرى بولغان ئاشۇ سەت يۈزىنى مەنسىتمىگەن ۋاقىتتا؛ ئۆزىگە مەدھىيە ناخشىسى ئوقۇغان ھەمدە ئۇنى ئېسىل ئەخلاق دەپ قارىغان ۋاقىتتا.**

**— جىبران**

**يادىڭدىدۇر بەلكى سەن تۇغۇلغان كۈن،**
**ھەممە كۈلگەن ئىدى، سەنلا يىغلىغان.**
**شۇنداق ياشىغىنكى كېتەر چېغىڭدا،**
**ھەممە يىغلاپ قالسۇن، سەن ماڭغىن خەندان.**

**— ئابدۇراخمان جامى**

## 75. ئېرىڭىز ئۆز ئۆيىنى راھەت ھېس قىلسۇن

ئېرىڭىز بىر كۈن ئالدىراش ئىشلەپ، ئۆيگە قايتىپ كەلـگەندە كۆرگىنى قانداق بىرخىل كەيپىيات؟ قانداق ئائىلە ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئەرنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، روھىـنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تىرىشىپ ئىشلەيدىغان قىلالايدۇ؟ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى ئېرىڭىزنىڭ ئىش ئوقتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىدىنمۇ بەك مۇناسىۋەتلىك.

مېنىڭ بىر دوستۇمنىڭ ئېرى ھەددىدىن زىيادە ھاراق ئىچىدىغان بولىۋالدى، بەزىدە تېخى خوتۇنىنى قاتتىق ئۇرۇپ سالىدۇ. دەسلەپتە مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن ھەيران قالدىم، چۈنـكى ئۇ دوستۇم شۇنداق چىرايلىق، رەتلىك، پاكىز، خىزمەتتىمۇ خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن. ئەجىبا مۇشۇنداق بىر ئايال ئۇ ئەرگە يەنە تېخىمۇ ئاتقانمىدۇ دەپ خاپا بولدۇم، بىر كۈنى ئىككىسى يەنە قاتتىق ئۇرۇشۇپتۇ ۋە ئەر يەنە دوستۇمنى ئۇرۇپ، يۈز ـ كۆزىنى كۆكەرتىپ، بۇرنىنى قانىتىۋېتىپتۇ. دوستۇمنىڭ ئېرى ماڭا تېلېـفون قىلىپ، بىر كېلىپ كەتسىڭىز دېگەندىكىن، مەن دەررۇ

تاكسى بىلەن ئۇلارنىڭكىگە يېتىپ بارسام، ئۇ ئەر غەرق مەست، دوستۇم بۇرنىغا پاختا تىقىۋالغان، يەرلەر قان بولۇپ كەتكەن. بۇ ئەھۋالدىن نېرۋام ئۆرلەپ، چېچىلىپ كېتىپتىمەن. لېكىن ئۇ ئەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىشنىڭ تېگىگە يەتتىم.

ئەسلىدە ئۇ دوستۇم زىيادە پاكىزلىقىدىن ئېرى ئۆيگە كىرىپ بولغۇچە ئايىغىنى ئېيتمىدىك، ئۆيدە تاماكا چېكىپ، تاملارنى ئىس قىلىۋەتتىڭ، بىزنى زەھەرلىدىڭ، پايپىقىڭنى قالايمىقان تاشلىدىڭ، ئۆينىڭ ھاۋاسىنى بۇزۇۋەتتىڭ، سەن بولساڭلا ئۆي قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ... دەپ كوتۇلدايدىكەن. ئەز ئۆيگە بىرەر دوستىنى ئەكىرىپ بولغۇچە، پول سۈرتكۈچنى كۆتۈرۈپ، پولنى سۈرتۈشكە باشلايدىكەن. سافانىڭ ياستۇقلىرىنى كىر قىلىۋېتىدۇ دەپ ياتاق ئۆيىگە ئەكىرىۋالىدىكەن، ھەممە نەرسە چېچىلىپ كەتتى، ئۆيۈمنى ئاران تازىلاپ قويسام بۇزۇۋەتتىڭلار دەپ خاپا بولىدىكەن... ئىشقىلىپ، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مەنمۇ دېمىم سىقىلىپ، نەپەس ئالالمايلا قالدىم. ئۆي دېگەن ئەر — خوتۇن ئىككىيلەننىڭ تۇرسا، ئېرىڭىز ئۆز ئۆيىدە راھەت ئولتۇرالمىسا، ئۇ نەگە چىقىپ ئولتۇرىدۇ؟ باشقا خوتۇنلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ ئولتۇرسا خۇش بولامسىز — يە؟

ئەرلەرگە يېنىك، ئازادە، رەتلىك، ئۆزى خالىغانچە ھەرىكەت قىلىدىغان، گېزىت، كۈلدانلىرىنى تاشلايدىغان، پۇتلىرىنى ئەركىن قويىدىغان ئۆي كېرەككى، ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئەركىن ھەرىكەت قىلالمايدىغان ئوردا — ساراي كېرەك ئەمەس. شۇڭا، ئېرىم تاشلاپ كەتمىسۇن دېسىڭىز، ئۇنىڭغا ئۆز ئۆيىنى راھەت ھېس قىلدۇرۇڭ.

ئەر بىلەن مۇرەسسە ۋە مادارادا ياشاش ئۇچۇن ئايالىڭىزنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى ئىشقا ئەمەل قىلىشى زۆرۈر: بىرىنچى، ئەرنىڭ تەبىئىتى، مىزاجى ۋە خۇلقىنى بىلىش ھەم ئۇنىڭغا قاراپ مۇئامىلە قىلىش لازىم. ئەرنىڭ ئادىتىنى بىلىش ۋە شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ئىش قىلىش — ئىناقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم ئامىللاردۇر؛ ئىككىنچى، ۋاپادار، ساداقەتلىك ۋە ئىش بىلەرمەن ئايالىلار توغرىسىدىكى ھېكايە، شېئىر، داستانلارنى كۆپ ئوقۇش، يامان، خۇلقسىز ۋە ھاياسىز ئاياللارنىڭ قىلمىشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدىكى ۋەقەلەردىن ئىبرەت ئېلىش ۋە تېگىشلىك خۇلاسىلەر چىقىرىشى كېرەك.

— ئالىمەت ئۇل بەنات

پەرىلەردەك پاكتۇر ياخشى تەبىئەت،
يامان خۇلق دىۋىدەك ھەممىگە ئاپەت.

— ئەسەدىي تۇسىي

## 76 . ئىككىگىلارنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالمىسۇن

جەمئىيەتتە ئەر ـ ئاياللار باراۋەر دېگەن شوئار تووۇلىنىپ، ئاياللارمۇ ئەرلەر بىلەن تەڭ خىزمەت قىلىپ، ھەتتا بەزىدە ئەرلەردىنمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ رولىنى ناھايىتى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. تېخى ئۆيگە قايتىپ توگىمەس ئۆي ئىشلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ، كەچتە ئۇخلىغان چاغدىلا، ئاندىن ئارام ئالالايدۇ، ھەقىقەتەنمۇ ئاياللارنىڭ ۋەزىپىسى ئىنتايىن.ئېغىر.

بۇنى ھېس قىلىپ، خوتۇنىغا ئانچە ـ مۇنچە ياردەملىشىپ، ئۆي ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەرلىرىمىزمۇ بار، بۇ بىر ئەقەللىي ئادىمىلىك، نورمال ئىش. لېكىن، ئەر ـ ئاياللىق خىزمەت تەقسىماتى پۈتۈنلەي ئالمىشىپ قالغان ئەرلىرىمىزمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى.

مەسىلەن: ئەتىگەندە ناشتىلىق تەييارلاش، چۈشتە خوتۇنى ئىشتىن كەلگۈچە تاماقلارنى ئېتىپ تەييار قىلىۋېتىش، بالىنى بۆشۈككە بۆلەش، سۈيدۈك لاتىسىنى ئالماشتۇرۇش، قورسىقىنى تويغۇزۇش، ئاخشىمى بالا يىغلاپ كەتسە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بالىنى «ئېمىتىپ» بەزلەپ ئۇخلىتىش، كىر ـ قات يۇيۇش، ھەتتا خوتۇنىنىڭ ئىچ ـ كىيىملىرىنىمۇ يۇيۇپ بېرىش،

دەزمال سىلىش... ئىشقىلىپ بەزى ئەرلەر جىنسىنى ئالماشتۇ-رۇشقا ئامالسىزلىقتىن ئەر بولۇپ ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ كىشىگە. خوتۇنى يېتىشەلمىگەندە ياردەملىشىش بىر گەپ، كۆندە خوتۇن كىشىدەك مۇشۇ ئىشلارنى قىلىپ، خوتۇنى ئۇگىدىسىغا يېتىپ تىلىۋىزور كۆرىدىغان ھالەت مېنىڭچە بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركەك دېگەن نامىمىزغا تازا باب كەلمەيدۇ. بەلكىم ئۇ ئەرلەر ئۆزى خالاپ قىلىۋاتقان ئىشتۇ، لېكىن مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئۇيغۇر ئەرلىرى بارغانسېرى ئەركەكلىك سالاپىتىنى يوقىتىپ، مىللىتىمىز تېخىمۇ كاردىن چىقارمۇ دەپ ئەنسىرەپ قالىمەن بەزىدە.

ئاياللارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىسىڭىز، مەن كىيىملەرگە دەزمال سالالمايمەن، قولۇمدا يىڭنە توختىمايدۇ، بالىنى بۆشۈككە بۆلە-يەلمەيمەن، تاماقنى ئېرىمدەك ئوخشىتىپ ئېتەلمەيمەن ... دېگەندەك گەپلەر. بىز بۇنىڭدىن بالىلىرىمىزنى بۇنىڭدىن كېيىن تەربىيىلەشتە بەزى نەرسىلەرگە دىققەت قىلامدۇق قانداق؟ بالى-لىرىمىزنى تەربىيىلەشتە مەسىلە بارمۇ نېمە؟ دەپ ئويلىماي تۇرالمايمىز.

ئەگەر مۇشۇنداق تۇگىمەس ئۆي ئىشلىرى بىلەن ئېرىڭىزنى چىرماپ قويسىڭىز، ئۇ قانداقمۇ نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئىجتىمائىي ئالاقىگە پىشقان، خىزمەتنى بېرىلىپ ئىشلەيدىغان ياكى ئۇنىڭ-دىنمۇ چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىپ، خوتۇن - بالىلىرىنى ياخشى ياشىتالايدىغان ئەر بولالايدۇ؟

باشقىلار مېنى زايە بولۇپ كېتىۋاتىسەن، ئەسلىدە ماگىس-تىر، دوكتور دېگەن شەرەپلىك ئۇنۋانلارنى ئالالايتىڭ، ئۆزۈڭنى پەقەت ئايىمىدىڭ دەپ ئەيىبلەيدۇ، توغرا، مەن ئالىلىقاچان شۇن-

داق ئۇنۋانلارغا ئېرىشەلىگەن بولار ئىدىم، بىراق مەن ئوقۇسام بالىلىرىمغا كىم قارايدۇ؟ ئاخشىمى ئۇلارغا كىم ھېكايە ئوقۇپ بېرىپ ئۇخلىتىدۇ؟ ئۆيۈمنىڭ ھالىدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟ ئېرىمۇ كەسپىگە بېشچىلاپ كىرىپ كەتسە، مەنمۇ چەت ئەللەردە ئوقۇيمەن دەپ يۈرسەم بۇ ئۆي ئۆي بولالامتىمۇ؟

مېنىڭچە، ئاياللار ئېرىنىڭ كەسپى ئۈچۈن، ئەگەر توغرا كەلسە قۇربان بېرىش كېرەك، دەپ قارايمەن. چۈنكى بىر ياخشى ئەرنىڭ كەينىدە ھامان بىر ياخشى ئايال بولىدۇ، ئېرىڭىز نەتىجە قازانغاندا ئەلۋەتتە بۇنىڭ يېرىمى سىزگە ھېساب.

**كۆڭۈلدىكىدەك ئايالى بار ئەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتى باشقىلارنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ.**

**— كارنېگ خانىم**

**خوتۇن ئالساڭ ئالغىن ئۆزۈڭدىن تۆۋەن،**
**ئېسىلما ئېگىزگە ئەسىر بولۇرسەن.**

**— يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

## 77 . ئېرىڭىز ئەمەلدار بولسا، تېخىمۇ سەگەك بولۇڭ

«ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دەيدىغان ماقال بار، ئەگەر ئەمەلدارلاردا رەھبەرلىك سەنئىتى بىلەن بىللە ئائىلىنى باشقۇرۇش سەنئىتىمۇ بولمىسا، ئۇ چاغدا بۇ ئەمەلدە ئۇزۇن ئولتۇرالمايدۇ ھەم كىشىلەر ئالدىدىمۇ ئىناۋەتتى بولمايدۇ؛ ئەمەلدارنىڭ ئائىلىدىمۇ ئېرىگە توغرا يول كۆرسىتىش ۋە قانائەتچانلىق بولمىسىمۇ، نەتىجىسى يەنىلا ئوخشاش.

ئادەم نېمە ئۈچۈن خۇشامەتنى ياخشى كۆرىدۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدىم. بولۇپمۇ ئەمەلدارلاردا بۇ خىل ئارزۇ، ئېھتىياج تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدىكەن، ھەتتا يالغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، خۇشامەتچىلەرنى يەنىلا ئەتىۋارلايدىكەن. بۇ ئارقىلىق بەلكىم ھۆرمەتلىنىش ۋە باشقا تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىنى قانائەتلەندۈرسە كېرەك، ئەسلىدە ئەمەلدارلارنىڭ خوتۇنلىرىدا چوقۇم سەگەك كاللا بولۇشى، ئېرىنى ھەر ۋاقىت بەزى ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇ-رۇپ تۇرۇشى لازىم ئىدى، لېكىن ئەمەلدار خانىملار ئەرلىرىدىنمۇ ئېشىپ، تېخىمۇ تاماخور بولۇپ كېتىدىكەن، ھەتتا بىر ۋاخ تاماققىمۇ.

بەزىلەرنىڭ ئاغزىدىن:

— ھەي، ئاشۇ خوتۇن ئېرىنى كاردىن چىقاردى جۇمۇ!
— ئاشۇ خوتۇننىڭ سەۋەبىدىن ئېرىنىڭ باشقىلار ئالدىدا ئىناۋىتى قالمىدى!
— ئاشۇ خوتۇن بولمىغان بولسا، بۇ ئادەم ئەسلى ئېخىمۇ ئۆسەتتى، ھەي!— دېگەندەك گەپلەرنى تولا ئاڭلاپ تۇرىمىز ھەمدە ئەمەلىيەتتىمۇ بۇنداق ئىشلارنى ئۇچرىتىمىز.
شۇنداق، خوتۇن دېمەك ئۆينىڭ رولچىسى دېمەكتۇر، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھەرقانداق نەرسە مەڭگۈلۈك ئەمەس. تارقىمايدىغان زىياپەت بولمايدۇ، ئېرىڭىزنىڭ ئىستىقبالىنى ھەمدە ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىنكى ھاياتىڭلارنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىنى ئويلىسىڭىز، ئېرىڭىزگە دائىم توغرا يول كۆرسىتىڭ، مەيلى كىشىلىك مۇناسىۋەت، مەيلى ئادەم ئىشلىتىش، مەيلى سوۋغا قوبۇل قىلىش ۋە باشقا جەھەتلەردە بولسۇن، ھەر ۋاقىت يىراقنى كۆزلەڭ.

**كۆپلىگەن ئەرلەر ئۆزىنى تۆۋەن چاغلىغاچقا، خۇشامەتنى ياقتۇرىدۇ، ھالبۇكى، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئاياللار ئۆزىنى چوڭ تۇتقاچقا، خۇشامەتنى ياقتۇرىدۇ.**

**— سىۋىفىت**

**كىمكى ئۆز نەپسىگە بولۇپتۇ پەندە،**
**ھېچ كىشىدىن ئالقىش ئالماس ئالەمدە.**

**— ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى**

## 78 . ئائىلىڭىزنىڭ مالىيىسىنى ياخشى باشقۇرۇڭ

ئېتىراپ قىلمىسىڭىز بولمايدىغان بىر پاكىت — زامانىۋى ئائىلىلەردىكى مۇھىم مەسىلە يەنىلا ئىقتىساد مەسىلىسىدۇر.

«پۇلى بارنىڭ گېپى ئوك، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ».
ئادەملەر ئىنتايىن رەھىمسىز، سىزنىڭ ئورنىڭىز، پۇلىڭىز، هوقۇقىڭىز بار چاغدا سىزگە قارشى تۇرىدىغان ئادەم ئاساسەن يوق، لېكىن مۇشۇ نەرسىلەردىن بىردىنلا ئايرىلىپ قېلىش، شۇ چاغدا ئەتراپىڭىزدا «پايپېتەك» بولۇپ يۈرگەن «ئادەم» لەرنى چۈشىنىسىز.

كىشىلىك هايات ئىنتايىن رەھىمسىز، ئەگەر سىزنىڭ خېلى چىرايلىق بىرەر ئىككى قۇر كىيىمىڭىز، يانچۇقىڭىزدا تۆت تەڭگىڭىز بولمىسا، هايات سىزگە تەتۈر قارايدۇ.

سىز گەرچە مېنىڭ هازىرقى كۆنۈم ئۆزۈمگە تازا مۇۋاپىق، مۇشۇنداق ئاددىي ـ ساددا ياشاپ، كۆڭۈللۈك ئۆتۈپ كەتسەم بولدى، دەپ ئويلايسىز. لېكىن باشقىلار، جەمئىيەت سىزنى ياشىغىلى قويمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىز ئۆزىڭىزنى يەنىلا بۇرۇقتۇرمىچىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك هېس قىلىسىز.

ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، ھەقىقەتەن دەل شۇنداق،

ئالقىنىڭىزدا پۇلىڭىز بولمىسا، نۇرغۇن گۈزەل غايىلىرىڭىز، قىزغىنلىقىڭىز، خۇشاللىقلىرىڭىز، قۇرۇق قولىڭىزغا قاراپ ئاھ ئۇرۇش بىلەن تۈگەيدۇ.

ئۆتكەندە «تەرمىلەر» ژۇرنىلىغا بېسىلغان تۆۋەندىكى ھېكايە ماڭا ئىنتايىن تەسىر قىلدى:

قىشنىڭ سوغۇق بىر يەكشەنبە كۈنى، چېركاۋنىڭ ئالدىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانى ناھايىتى تېزلا ماشىنىلار بىلەن تولدى. مەن ماشىنامدىن چۈشۈۋېتىپ، ئىبادەتچىلەرنىڭ چېركاۋغا كىرىپ كېتىۋېتىپ، ئېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم. چېركاۋغا كىرىپ قارىسام، بىر ئەر چېركاۋنىڭ تېمىغا دۈمبىسىنى يېقىپ يەردە يېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا كونىراپ يىرتىلىپ كەتكەن ھەربىي چاپان، بېشىدىكى كونا شەپكىسى يۈزىنى توسۇۋالغان ئىدى. 30 يىل كىيگەندەك كۆرۈنىدىغان كونا ئاياغ پۇتىغا كىچىك كېلىپ قالغان، تۆشۈكلىرىدىن بارماقلىرى چىقىپ تۇراتتى.

مەن ئۇ بىر مۇساپىر بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ چېركاۋغا كىرىپ كېتىۋەردىم، ئىبادەتچىلەر بىلەن ئۇياندىن، بۇياندىن پاراڭلاشقاندىن كېيىن بىرەيلەن سىرتتىكى ھېلىقى ئەرنى تىلغا ئالدى. ھەممىمىز جۆملىدىن مەنمۇ ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلۈشتۇق، ۋەھالەنكى، بىرەرىمىز چىقىپ ئۇنى چېركاۋغا كىرىشكە تەكلىپ قىلمىدۇق. بىر ھازادىن كېيىن ئىبادەت باشلاندى، ھەممىمىز باستېرنىڭ ئىبادەتنى باشلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇق، دەل شۇ چاغدا چېركاۋنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى.

كىرىپ كەلگىنى سالاپەتلىك باستېر ئەمەس، دەل ھېلىقى مۇساپىر ئىدى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، يەرگە قاراپ كېتىپ

باراتتى. ئىبادەتچىلەر ئاچچىقىدا غوتۇلدىشىپ، چىرايلىرىنى پۈ-رۈشتۈرەتتى. ئۇ ئالدىرىماي مۇنبەرگە چىقتى ۋە شەپكىسىنى ئېلىپ، چاپىنىنى سالدى. شۇ دەقىقىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم، ئالدىمىزدىكى مۇساپىر دەل باستىر ئىدى.

ئەمدى سىز بىر ئائىلىنىڭ ئايال خوجايىنى، ئايال غوجىدار بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئائىلىنىڭ كىرىم - چىقىمىنى، مالىيە-سىنى قانداق باشقۇراي دەۋاتىسىز؟ قولىڭىزدىكى ھوقۇقتىن قان-داق پايدىلىناي دەۋاتىسىز؟

ئائىلىدە مالىيە باشقۇرۇش قانۇنى: ئاياللار ئاز يېرىمىنى، ئەرلەر كۆپ يېرىمىنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت.

**ھەرقانداق ئايال مەيلى چوڭ ئايال ياكى ياش قىز بولسۇن، ياتلىق بولغان ياكى بولمىغان بولسۇن، پۇل ۋە مال - دۇنيا مەسىلىسىدە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ۋە قامداشنى ئۆگىنىۋالمى-سا، كارىۋاتنىڭ ئاستىغا قەرەللىك بومبا ئورنىتىۋالدىم دەۋەرسە بولىدۇ.**

**— پونىلوپ روسئانوۋ**

**قانداقلىكى بىرەر ئىشنى ئىشلەشتە،**
**ئاخىرىنى ئويلاپ كۆر، قالما تەشۋىشتە.**

**— ناسىر خىسراۋ**

# 79 . يۇقىرى ئىستېمال ھەۋىسىگىزنى كونترول قىلىڭ

ئاياللار كىچىككىدىنلا كىيىم ــ كېچەككە، مودا قوغلىششقا، يۇقىرى ئىستېمال قوغلىششقا ئامراق. باھاسىنى چۈشۈرۈپتۇ دې- گەننىڭ ھەممىسىنى ئالغۇسى كېلىدۇ، تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا ئاياللارنىڭ يۇقىرى ئىستېمال قوغلىشىش نىسبىتى ئۇرۇمچىنىڭ ئۆزىدىلا ئەللىك نەچچە پىرسەنتنى ئىگىلەيدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا 90% سودا ــ تىجارەت ئاياللارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئاياللار بولمىسا سودا ــ سارايلارنىڭ 99% ى ۋەيران بولىدى- كەن. «سىزنىڭ كۆزىڭىز مال تونۇيدىكەن، بۇ ئۇزۇنغا قالماي مودا بولىدىغان پوسۇن. بوي ــ تۇرقىڭىزغا تولىمۇ باب كېلىدۇ، سىزنى ياش كۆرسىتىدۇ...» دېگەن گەپلەرگە ئاياللار ئاسانلا ئالدىنىپ قالىدۇ.

مودا قوغلىشىش پسىخىكىسىنى مۇنداق ئۈچ خىلغا يىغىن- چاقلاشقا بولىدۇ: بىرى، قىزىقىش سەۋەبىدىن مودا قوغلىشىش؛ يەنە بىرى، ئۆزىنى كۆرسىتىشنى ئارزۇ قىلىپ مودا قوغلىشىش؛ ئۈچىنچىسى، باشقىلارنىڭ كەينىدە قېلىشنى خالىماسلىقتىن مودا قوغلىشىش. بۇنىڭغا يەنە باشقا ئاياللارنى كۆرۈپ چىدىماي

ئۆلۈۋالسۇن دەپ مودا قوغلىشىدۇ، دېگەن تارماقنىمۇ قوشۇپ قويۇش كېرەك.

مۇشۇنداق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پۇلى بارلار ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالىسىمۇ، لېكىن مائاشقا قاراشلىق ئائىلىلەردە جەڭگى - جېدەل قۇرىمايدىغان، ئاياللار مەن نېمىدېگەن شور پېشانە دەپ ئالەمنى مالەم قىلىدىغان ئەھۋاللار خېلى كۆپ.

«يېتىپ يېسە تاغمۇ توشۇمايدۇ»، شۇڭا ئاياللار يۇقىرى ئىستېمال ئارزۇسىنى كونترول قىلىشنى بىلىشى، پىلان بويىچە مالىيە باشقۇرۇپ، نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشى، بازارغا چىقىشتىن بۇرۇن كېيىنكى كۈنلەردە قانداق قىلىمەن؟ بالىلىرىم چوڭ بولىۋاتىدۇ، ئۇلارنى ئوقۇتۇشقىمۇ، ئۆي - ئوچاقلىق قىلىشقىمۇ پۇل كېرەك. ئازراق پۇلنى نېرى قىلىپ قوياي دەپ ئويلىشى كېرەك. بىر ياخشى خوتۇن بىر ئائىلىنىڭ مالىيە مۇتەخەسسىسى بولۇشى لازىم، ئۆزىنىڭ ئىستېمال ئارزۇسىنى كونترول قىلىشى بولسا، مۇۋەپپەقىيەتلىك مالىيە باشقۇرۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى.

ئاياللارنىڭ مال سېتىۋېلىش قانۇنى: ئاياللاردا پۇل بولغانسېرى مال سېتىۋالغاندا ئاقىلانە بولۇپ كېتىدۇ؛ ئاياللاردا پۇل بولمىغانچە مال سېتىۋېلىشقا شۇنچە ھېرىسمەن بولۇپ كېتىدۇ.

چىقىمى كىرىمىدىن ئېشىپ كەتكەن كىشى ئادەمنى كۈلدۈرەلمەيدۇ، ئۇ ئەڭ يامان تەۋەككۈلچى؛ كاللىسى گاراڭ، دۆلەتپەرەس، ئىسراپخور خوتۇنمۇ كىشىنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ، مەپتۇن قىلالمايدۇ، ئۇ ئەرنىڭ شىللىسىدىكى ئېغىر يۈك.

ئېرىڭىزنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا ياردەملىشىشنىڭ مۇھىم بىر ئۇسۇلى قانداق قىلىپ ئۇنىڭ كىرىمىنى دەل جايىغا ئىشلىتىشتىن

ئىبارەت. ئەگەر ئۇ پۇل تېپىپ تېجەشنى بىلمىسە، سىز ئۇنىڭ ھەميانىنى چىڭ تۇتۇشقا ياردەملىشىڭ، ئەگەر ئۇ بۇرۇندىنلا تېجەپ-كېلىۋاتقان بولسا سىزمۇ ئۇنىڭغا-ماسلىشىڭ.

ھەقىقىي گۈزەللىك — گۈزەللىكنىڭ ئۆزىدە نامايان بولۇپ تۇرىدىغان روھىي تېتىكلىكتە. مودا قوغلىشىش ياخشى ئادەت ئەمەس، چۈنكى سىزنىڭ چىرايىڭىز، مودا قوغلىشىش بىلەن ئۆزگىرىپ قالمايدۇ.

— روسسو

قولۇڭ ئۆزارت، ئەندازىڭغا قارا بىراق،
يۇتقىنىڭغا قاراپ ئۆزاتقىن ئاياغ.

—ئابدۇشۇكۇر بەلخىي

## 80 . ئېرىشكەنلىرىنى يېقىن دوستلىرىغا ياردەم بېرىشنى قوللاش

ئاينىڭ ئون بەشى يورۇق، ئون بەشى قاراڭغۇ، ئادەملەرگىمۇ خۇشاللىق بىلەن قايغۇ ھەمراھ. ئادەم خۇشال ۋاقتىدا ھەممىلا نەرسە ئۆزىگە كۆلۈپ قاراۋاتقاندەك، دۇنيا ئىنتايىن گۈزەل كۆرۈنىدۇ. ھەتتا بوران چىقىپ، چاقماق چېقىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا دۇنيا يەنىلا ئۆزىنى ئالقىشلاۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. بۇنداق چاغدا خۇشاللىقنى ھەممىلا ئادەم ئورتاقلىشالايدۇ؛ لېكىن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ بېشىغا دەرد كېلىپ، ياردەمگە موھتاج بولغاندا ئاساسەن جانغا ئەسقاتىدىغان دوستلارنى تاپقىلى بولمايدۇ. «پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياغاق چاققاندا ئايرىلدۇق» دېگەندەك ھەمتاۋاق «دوست» لارمۇ كۆپ. بىراق دوست دېگەن خۇشاللىقىمۇ، قايغۇغىمۇ شېرىك بولالىسا، ئۇ ھەقىقىي دوست ھېسابلىنىدۇ. بۇ نەزەرىيىنى سۆزلەيدىغانلار، بىلىدىغانلار ھەقىقەتەن كۆپ، ئەمەلىيەتتە قانچىلىك ئادەم بۇنىڭغا ئەمەل قىلىدۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس.

يېقىن دوستلار قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ياردەم قولىڭىزنى سۇنۇڭ، تەسەللى بېرىڭ، ھەمدەمدە بولۇڭ. ئادەمگەرچىلىك مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ!

باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىغا ياردەم بېرىش بەلكىم سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا تۇسالغۇ ئېلىپ كېلىشى، ئادەم قۇتقۇزۇش بەلكىم ئۆزىڭىزگە زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن. ئەمما، دۇنيادا ھېسداشلىقتا باي قەلب، مېھرىبانلىقتا تولغان ھېسسىيات يەنىلا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بىرخىل مەنزىل، باي، كەمبەغەللىكىمۇ تۇغقان لازىم، ئادەمگە دوست.

**كىشىلەر قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا، ئەرلەر ياردەم قولىنى سوزىدۇ، ئاياللار ھېسداشلىق قىلىدۇ.**

**— روسسو**

**دوست دېمە گەر نازۇ - نېمەت ئۈستىدە،**
**ئۇرسا لاپ: «دوستۇمسەن، ئەزىز مېھرىبان».**
**دوست شۇدۇر، دوستىغا سوزار قولىنى،**
**دوستى بولغىنىدا نامرات، ناتىۋان.**

**— سەئىدى شىرازى**

## 81 . ياخشى ئانا بولۇڭ

ئانا بولماق ئاسان، لېكىن ياخشى ئانا بولماق تەس. ئاتا ـ ئانا بىرىنچى ئوقۇتقۇچى، ئائىلە بىرىنچى مەكتەپ. بالا تەربىيىلەش مەسىلىسى ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە سەنئەت تەلەپ قىلىنىدىغان، ھەرقانداق قىيىن ئىشتىنمۇ تەس بىر مەسىلە. ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك تەرەققىياتى قانۇنىيەتلىك جەريان. ئەگەر مۇشۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىنمايدىكەن، بالىلارنى ھەر ئىككىلا تەرەپتىن ساغلام قىلىپ يېتىلدۈرۈش تەسكە چۈشىدۇ، شۇڭا مۇمكىن بولسا ھامىلە تەربىيىسىدىن باشلاپ چىڭ تۇتۇپ تەربىيىلەش تېخىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق. بۇنداق بولغاندا بالىنىڭ تۇغما ساپاسىنىڭ ياخشى بولۇشىغا ئىنتايىن پايدىلىق.

يېڭى دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاق خۇددى بىر پارچە ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ، بۇ ئاق قەغەزگە چىرايلىق خەت يېزىش ياكى پۇچۇركىسىمۇ سەت، ئىملاسىمۇ خاتا خەتلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتىش ئاتا ـ ئانىغا باغلىق. ئەلۋەتتە بۇنداق ساپ، پاكىز بولغان ئاق قەغەزگە ھەرگىز ئۆز بىلگىنىڭىزچە ئىش تۇتۇشىڭىزغا بولمايدۇ، بەلكى مۇناسىپ ھالدىكى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىڭىزگە ئېلىشىڭىز كېرەك.

بىر ياخشى ئايال، بىر ياخشى ئانا بالىسىنىڭ تەربىيە مەسىلىدە ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆرۈپ، ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەيدۇ، بەلكى بالا تەربىيىلەشكە دائىر كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ، بالىسىنىڭ كەلگۈسىدە ئەتراپلىق يېتىلدىشكە ئاساس سالىدۇ. ھەر ۋاقىت ئۆزى ئۈلگە بولىدۇ، ئاتا ــ ئانىنىڭ بىر ئېغىز سۆزى، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى پوزىتسىيىسى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى، مىجەز ــ خۇلقى... ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى بالىغا ئۈن ــ تىنسىز تەسىر كۆرسىتىپ، كۆڭلەرنىڭ ئۆتتۈشى بىلەن ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بىر ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئەگەر كەلگۈسىدە بالىڭىزنى يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقسۇن دېسىڭىز، سىزمۇ چوقۇم ياخشى، لاياقەتلىك ئانا بولۇڭ.

كۆچەتنى پۇتاپ تۇرمىسا دەرەخ بولمايدۇ، بالىنى تەربىيىلىمىسە ئادەم بولمايدۇ.

**ئانا — مەنىۋى دۇنياسى ئىنتايىن مول بولغان، مەدەنىيەتلىك، ئىجتىمائىي قىزىقىشى كەڭرى، غۇرۇرى بار، ئېرىگە مېھرى ـ مۇھەببەتلىك، يامان ئىشلارغا يول قويمايدىغان ۋە مۇرەسسە قىلمايدىغان، ئائىلىدە ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى خوجايىن ۋە ھۆكۈمران بولۇشى كېرەك.**

**— سوخوملىنسكى**

**ئوغۇل ـ قىزغا ئۆگەت بىلىم ۋە ئەدەپ،**
**بېرۇر بۇ ئاتا ئىككى دۇنيادا نەپ.**

**— يۇسۇپ خاس ھاجىپ**

## 82. بالا تەربىيلەشتە ئېرىتخىز بىلەن پىكرىتخىز بىر يەردىن چىقسۇن

شەخس، ئائىلە، جەمئىيەت بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن تەربىيە بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىدىكى دېئالىكتىك بىرلىك، نۇرغۇن تەربىيلەر بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلىپ، نۇرغۇن بالىلار ئاشۇنداق ئەخمەقلەرنىڭ قولىدا نابۇت بولۇپ كەتتى. مۇشۇنداق ئەخمىقانە تەربىيىنىڭ بىر ئىپادىسى ئاتا ـ ئانىنىڭ پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەسلىكى، يەنى ئەر تاغدىن گەپ قىلسا، ئايال باغدىن سۆزلەش؛ بىرسى شەرقتىن گەپ قىلسا، يەنە بىرى غەربتىن چۈشۈش؛ ياكى دادا بوش قويۇۋېتىپ، ئانا چىڭ تۇتۇش ۋە ياكى بۇنىڭ ئەكسىچە تەربىيلەشتىن ئىبارەت. بىر ـ بىرىنىڭ گېپىنى يېمەي، بىر ـ بىرىگە قارشى تۇرۇپ، بالا زادى كىمنىڭ توغرىلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىپ، باللار بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ.

بىر كىچىك دادام ئىككى ئوغلىغا قارىغاندا قىزىنى تولىمۇ ياخشى كۆرگەنلىكى سەۋەبلىك، كىچىكىدىنلا ئۇنىڭغا ھېچكىمنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئانىسىنىمۇ ئارتۇق گەپ قىلغۇزمايتتى. كىچىك ئاپام تەربىيە ئىشلىسە، دائىم ئارىغا چۈشۈپ، قىزىغا بولۇشۇپ، ئاپىسىنى تىللايتتى. ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى

بولغانلىقتىن، بوۋا، موما، تاغا، هاما، ئاتا ـ ئانا تەرەپ ـ تەرەپتىن بىر ـ بىرىگە ئۇقتۇرماي پۇل بېرىپ، نەۋرە سىڭلىمنى يامان ئۆگىتىپ قويدى، دادىسىنىڭ ھېلىقىدەك ناتوغرا تەربىيىسى نەتىجىسىدە ئەسلىدە ناھايىتى ئىستىقباللىق بولىدىغان نەۋرە سىڭلىم شۇنداق بەتخەج، ئۆز بېشىمچى بولۇپ كەتتىكى، مانا ئەمدى گەدەنگىچە قەرزگە بوغۇلۇپ، بۇ قەرزلەرنى تۆلەپ بولالـ ـمىغان ئاتا ـ ئانا ئېغىر چارچاش نەتىجىسىدە ھېلىدىن ھېلى دوختۇرخانىدا يېتىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تېخىمۇ ئېغىر ھالغا چۈشۈپ قالدى.

بۇنى كىمدىن كۆرۈش كېرەك؟ ئاتا ـ ئانا بالىنى تۇغۇش ھوقۇقىغا ئىگە، لېكىن بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تاللاش ئىمكانىيىد ـتى يوق. شۇنداق ئىكەن، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئاتا ـ ئانا بولغۇچى گۇناھكاردە؟

شۇڭا، ئەر ـ خوتۇن بالا تەربىيىلەشتە ياخشى ھەمكارلىد ـشىپ، پىكىر جەھەتتىن بىرلىككە كېلىپ، ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلـ ـلارنى تېپىپ چىقىش كېرەك.

**ئائىلە — ھېسسىياتنىڭ تۇنجى مەكتىپى، ھالبۇكى پەقەت ئاشۇ سەمىمىيەت، ئىللىقلىق، ئۆزئارا ئىشەنچ ۋە ئۆزئارا ئىززەت ـ ھۆرمەت ھېسسىياتى بار ئائىلىلەردىلا بۇ خىل سەمىمىي كەيپىيات مەۋجۇت. لېكىن، بۇ خىل ھېسسىيات تەبىئىي ھالدا شەكىللەنگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئەمگىكىنىڭ جەۋھىرىدۇر.**

**— ئىلىنا**

**قولنى قولغا بېرىپ بولمىساق ھەردەم،**
**شادلىق ئايغىدىن پەشۋا يېمەس غەم.**

**— ئۆمەر ھەييام**

## 83. ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش ئۇيغۇرلار ئارىسىغىمۇ سىڭىپ كىرىپ، خۇددى ئەزەلدىن بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىزدەك بولۇپ قالدى. بۇنىڭمۇ ئىجابىي جەھەتتىكى ئەھمىيىتىگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ، چۈنكى تەبرىكلەش-نىڭ ئىچىگە تۈرلۈك تىلەكلەر، ئارزۇ - ئۈمىدلەر، يىغىپ ئېيت-قاندا چەكسىز مېھرى - مۇھەببەت سىڭگەن بولىدۇ، ئەگەر بۇ ئۆز لايىقىدا، يەنى بىر ئائىلە كىشىلىرى ئارىسىدا، بىر دانە تورت ۋە شام، ئوخشىتىپ ئېتىلگەن بىر ۋاخ تاماق، خۇشال - خۇرام ھالدا بىر مەيدان كىنو كۆرۈش، ئاددىي، لېكىن ئەھمىيەتلىك سوۋغاتلارنى بېرىش بىلەن تەبرىكلەنسە، تۇرمۇشقا مەزمۇن قو-شىدۇ، بىر - بىرىگە بولغان ھۆرمەت، مۇھەببەت تېخىمۇ كۈچى-يىدۇ.

بەزى ئائىلىلەردە ئەرلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرى ئاسانلا ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ، ئەگەر ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئويلايدىكەن، بىر - بىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.

ئايال خوجايىن دېمەك، ئائىلىنىڭ خوجايىنى دېمەكتۇر،

پۈتۈن ئائىلە كىشىلىرى ھوقۇقنى سىزگە بەرگەندىكىن، مۇناسىپ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىڭىزگە ئېلىش سىزنىڭ بۇرچىڭىز. ئۇلارنىڭ ۋە ئۆزىڭىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىنى ئاز پۇل خەجلەپ تېخىمۇ رومانتىك، ئېسىل ھالدا ئۆتكۈزۈپ، يېقىنلىرىڭىز ئارىسىدىكى مۇھەببەتنى ئاشۇرۇپ، چىن دىلىڭىزدىن تەبرىكلەڭ.

خوتۇنسىز ئۆي جانسىز تەن، قايسى ئۆيدە خوتۇن بولمىسا، چىرىغى يوق بەزمىگە ئوخشىشىدۇ. ھەر كىملەرنىڭ ئېيتىشلىرىدىچە، خوتۇنى يوق ئەركەك تۇترۇقسىز، يەڭگىل نەرسىگە ئوخشايدۇ، بۇنداق ئەرنىڭ ھېچيەردە تۇرالغۇسى بولمايدۇ. ھايات گۈلدەستىلىرىنى باغلاپ تۇرغۇچى شىراز ۋە ھايات چىمەننىنى ياشىنىتىپ تۇرغۇچى گۈل — ئايالدۇر.

— مۇھەممەت جەۋھەر زەمىندار

قانچە كۆپ قايىنسا قىيام قەنت سۈيى،
ناۋىتى شۇنچىلىك سۈزۈك بولغۇسى.

— خۇسراۋ دېھلىۋى

## 84 . ماسلاشقان جىنسىي تۇرمۇش نىكاھنىڭ ئاساسىي ئامىلى

ئىنسان دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن باشلاپ زېمىندا تېرىقـ
چىلىق قىلدى، ئىشلەپچىقاردى، بىنا قىلدى ۋە گۈللەندۈردى.
دېمەك، ئىنسانلار زېمىننى گۈللەندۈرۈشتەك ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ
كەلدى، بۇ ۋەزىپىنىڭ تولۇق ئورۇندىلىشى ئۈچۈن ياراتقۇچى
ئىنسانلار ھاياتىنىڭ داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان بىر
قىسىم ئىچكى تۈرتكە ۋە تەبىئەتلەرنى ئىنسانغا سىڭدۈرۈۋەتكەن.
مەسىلەن: ئىنساندا ھاياتنى ساقلاپ قالىدىغان يېمەكلىكنى
ئىزدەش تەبىئىتى بار، ئىنساندا يەنە نەسلىنى ساقلاپ قېلىش
تەبىئىتى بار. بۇ ئىنساندىكى ئىنتايىن كۈچلۈك تەبىئەت بولۇپ،
ئىنسانلار بۇ تەبىئەتنىڭ ئۇسسۇلۇقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بىر
جورىگە موھتاج ھەمدە مۇنداق ئۈچ خىل پوزىتسىيىسىنىڭ
بىرىنى تۇتۇشقا مەجبۇر.
بىرىنچى پوزىتسىيە: دىن ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتنى ئېتىراپ
قىلمايدىغان، چەكسىز ئەركىنلىك تەشەببۇس قىلىنىدىغان ئېقىمـ
لاردەك دىن، ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت چەكلىمىسىنى قايرىپ
قويۇپ، جىنسىي ئارزۇ ـ ھەۋەسنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىشى،
قانداق خالىسا، قەيەردە خالىسا ۋە كىم بىلەن خالىسا، جىنسىي

ھەۋەسنى قاندۇرۇش، ئىنسان بۇنداق ئەھۋالدا ھايۋان دەرىجە-
سىگە چۈشۈپ قالىدۇ، نەتىجىدە شەخس، ئائىلە ۋە پۈتۈن
ئىنسانىيەتنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.
ئىككىنچى پوزىتسىيە: جىنسىي ئارزۇ ـ ھەۋەسنى پۈتۈنلەي
بوغۇپ تاشلاپ، خۇددى مانى دىنى ۋە راھىبلىق ئېقىملىرىدەك
ئۆزىنى مەھرۇم قىلىش ۋە جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈش، بۇ
جىنسىي ئارزۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى تىرىك كۆمۈۋېتىش-
تىن باشقا نەرسە ئەمەس ھەمدە بۇ ياراتقۇچىنىڭ ھېكمىتىنى
ئىنكار قىلغانلىق ۋە بۇ تەبىئەتنى ئىنسانىيەت نەسلىنىڭ داۋاملى-
شىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھايات قانۇنىيىتىگە قارشى تۇر-
غانلىق بولىدۇ.
ئۈچىنچى پوزىتسىيە: جىنسىي ئارزۇ ـ ھەۋەسكە چوڭ ـ
چېكرا سىزىپ، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپمۇ قويماي، بولۇشىغا
قويۇپمۇ بەرمەي، ئۇنى ئاشۇ دائىرە ئىچىدە قالدۇرۇش، مانا بۇ
نىكاھلىنىشنى يولغا قويۇپ، زىنانى چەكلىگەن ساماۋى دىنلارنىڭ
تۇتقان يولىدۇر، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ يولىدۇر.
مانا بۇ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئورتاق ۋە نورمال يولدۇر،
ناۋادا توي قىلىش يولغا قويۇلمىغان بولسا، جىنسىي تەبىئەت
ئىنسان نەسلىنى ساقلاپ قېلىش رولىنى ئوينىمىغان بولاتتى.
ئەگەر زىنا چەكلەنمەي، بىر ئايال بىر ئەرگە مەخسۇس قىلىنمى-
غان بولسا، دوستلۇق، مېھىر ـ شەپقەت ۋە سۆيگۈ قاتارلىق
ئالىيجاناب ئىجتىمائىي ۋە ئىنسانىي ھېس ـ تۇيغۇلارنى يېتىلدۈ-
رىدىغان ئائىلىلەر قۇرۇلمىغان بولاتتى. ناۋادا ئائىلە بولمىغان
بولسا، جەمئىيەتمۇ بولمىغان ۋە تەرەققىي قىلمىغان بولاتتى.
ئەرلەر ئېگىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر

رىئاللىققا ئۇيغۇن بولمىغان جىنسىي خام ـ خىياللار بولىدۇ، جىنسىي غىدىقلىنىش ۋە ييگىلىق ئىزدەش ساغلام ئەر كىشىلەردە بولىدىغان نورمال پسىخىك پائالىيەت. جىنسىي تۇرمۇشنىڭ كۆ ـ ڭۈللۈك بولۇش ـ بولماسلىقى كۆپ ھاللاردا نىكاھ تۇرمۇشىڭلا ـ رنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇش ـ بولماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

نىكاھقا بىسىم بولىدىغان ئۈچ چوڭ تاغ:

① ئۇنۇملۇك ئالاقە ۋە پىكىر ئالماشتۇرالماسلىق؛

② ئىقتىساد ئېلىپ كەلگەن مەسىلىلەر؛

③ ماسلاشمىغان جىنسىي تۇرمۇش.

يىپىش ـ ئىچىش ئەر ـ ئاياللارغا مۇھىم بولغىنىدەك، ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى ماسلاشقان جىنسىي تۇرمۇشنى ساقلاپ قېلىشمۇ ئوخشاشلا باش تارتىپ بولمايدىغان ئىش.

**مۇھەببەتنى ئۇلۇغلىشىمىزدىكى سەۋەب — تەبىئەت كىشى ـ لەرگە بەختلىك ياشاش، كۆپىيىش ۋە ئىنسان نەسلىنى داۋاملاش ـ تۇرۇش ئۈچۈن شۇ گۈزەل ھېسسىياتنى ئاتا قىلغان.**

**— بېلىنسكى**

**خۇدا ھەر جىنسنى مەخلۇق ئەتتى پەيدا،**
**بىرىنى بىرىگە ئاندا قىلدى شەيدا.**

**— مۇھەممەت ئىمىن خىرقىتى**

## 85 . باللىرىمىزنى پات ـ پات سەھەرلەرگە ئاپىرىپ تۇرۇڭ

قىزىم ئىككى ـ ئۈچ ياش چاغلىرىدىمۇ ئەيتاۋۇر يۇرتىمىزغا ئۆتۈشىمىزدە، تۇرپاندا چۈشۈپ، تونۇشلارنىڭكىدە ھايال بولۇپ قالدۇق. شۇ ئارىلىقتا ھويلىدا بىر خورازنى كۆرگەن قىزىم:
— ئاپا، قارا كالا كېلىۋاتىدۇ،— دېگەن ئىدى، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتكەن ئىدىم.
يۇرتىمىزغا بېرىپ قايتىشىمىزدا، ئاپام قىزىمغا بىرجۈپ ئاياغ سوۋغا قىلدى، ئاياغنىڭ تېگىدە بۇركۇتنىڭ سۈرىتى بار ئىكەن:
— قىزىم قاراڭ، بۇركۇت باركەن،— دېسەم، قىزىم يەنە بىر ئاياغنى ئېلىپ تېگىگە قاراپلا:
— ياق ئاپا، بىر كۆت ئەمەس، ئىككى كۆت بار ئىكەن،— دېگەن ئىدى، نەچچە يىللاردىن بۇيان مۇشۇ گەپنى ئويلىسامىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كېتىمەن.
مانا شەھەر باللىرى، پارىكتا ئۆسكەن كۆكتاتلار. ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى نەرسىلەرنى رەسىملىك كىتابلاردىن، تېلېۋىزورلاردىن كۆرۈپ چوڭ بولغاچقا، مۇشۇنداق يۇمۇرلۇق ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.
پارىكتا ئۆسكەن گۈل قانچە كۆزنى چاقناتسىمۇ، ئۇ يەنىلا

«قۇدۇق ئاستىدىكى گۇل»، قۇدۇق ئىچىدىكى پاقا دۇنيانى مۇشۇ قۇدۇقنىڭ ئاغزىچىلىكلا دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك، شەھەر بالد-لىرىمۇ ئەگەر تەبىئەت بىلەن ئۇچراشتۇرۇلمىسا، ئۆزىنىڭ يىلتد-زىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. يىلىكى توق بولمايدۇ، ئىككى بال شامالغد-مۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

بالىلىرىڭىزنى تەبىئەت بىلەن ئۇچراشتۇرۇڭ، ئۇلار پاقىنىڭ كوركىراشلىرىنى، تومۇزغىلارنىڭ چىرىلداشلىرىنى ئاڭلىسۇن. تاماق ئەتكەندە چىقىدىغان بۇسلارنى، گۇگۇم پەيتىنى، ئاياللار-نىڭ تونۇرغا قانداق نان ياققانلىرىنى، دېھقانلارنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرىنى، سەھرا بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرۈپ باقسۇن، بۇلار بالىلارنىڭ مىجەزىنى تاۋلاپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى پاكلايدۇ.

**بەزىلەر : «بالا دېگەن بەربىر بالا !» دېيىشىدۇ - يۇ ، «بالا چوڭ بولۇپ ، ئادەم بولىدۇ» دېگەننى ئۇنتۇپ قالىدۇ . بىر بالد-نىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ئانىنىڭ مەڭگۈ قىلىدىغان خىزمىتىدۇر .**

**— بوناپارت**

**كىمگە ياشلىقىدا بەرمىسە تەلىم ،**
**چوڭايغاچ بولىدۇ ، بەختسىز ، دىلى غەش .**
**هۆل نوتا ئېگىلەر قاياقىقا ئەگسەڭ ،**
**قۇرۇقنى توغرىلار پەقەت ئوت - ئاتەش .**

**— سەئىدىي شىرازى**

## 86 . ئالقىشقا سازاۋەر ئايال بولۇڭ

بىر ياخشى ئايال ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە، شۇ ئۆپچۆ-رىدە ھامان ياخشى مۇناسىۋەت، ياخشى نامغا ئېرىشىدۇ.

دائىم «بىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دەي-مىز، شۇڭا ئۆزىڭىز ئارىلىشىدىغان خىزمەتداشلىرىڭىز، قولۇم ـ قوشنىلىرىڭىز بىلەن ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈڭ، ئۇلارنى ھۆرمەت-لەڭ. كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىگە، ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە دەخلى تەرۇز يەتكۈزىدىغان گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلەردە بولماڭ. ئەگەر ھۆرمەت تاپاي دېسىڭىز، ئالدى بىلەن باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىڭ، «ئوتنى چۇقچىلىساڭ ئۆچىدۇ، قوشنىنى كوچىلىساڭ كۆچىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ھەرگىزمۇ غەيۋەت قىلىپ، ئارىغا سوغۇقچىلىق سالىدىغان، كىشىلەرنىڭ شەخسىيىتىگە ئارىلىشىدى-غان، تۇرمۇشنى ئېرى ـ بېرى دەيدىغان، ھەتتا ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سالىدىغان پەس ئىشلاردىن يىراق تۇرۇڭ.

مەن تونۇيدىغان بىر ئايال ئېرىنىڭ خېلى نام ـ ئابرۇيى بارلىقىغا، ئۆزىنىڭمۇ يېشىنىڭ چوڭلۇقىغا قارىماي دائىم زىتخور-لۇق قىلىدۇ. مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ قارشى تەرەپنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆزى دېگەن گەپلەرنى

مىنى دىدى دەپ ئارىغا سوغۇقچىلىق سالىدۇ. ئۇنىڭغىمۇ ئۇنداي، پالانچىنىڭ ئۆيگە تارتىۋالغان پەردىسىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ يەرگە سالغان گىلىمىنىچۇ؟ كىيىۋالغان كىيىمىنى قاراڭلار، نەق سەھرالىقنىڭ ئۆزى. ئەتكەن تامىقىنىڭ لاۋزىلىقىچۇ تېخى، ئادەمنىڭ قۇسقىسىنى كەلتۈرىدۇ. پەقەت ئۆي تۇتۇشنى بىلمەيدۇ، ئېرى قانداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇپ قالغاندۇ؟ ئۇنداق خوتۇننى قويۇۋەتمەي... ھەتتا، بىرەرى توي قىلىدىغان قىزىنى باشلاپ كەلگەن بولسا بۇ قىز بىلەن توي قىلغۇچە تاشلىۋېتىڭگە بولدى. مەن سىزگە چېگىپ تۇرۇپ، تىرناقتا توختىتىغۇدەك قىز تونۇشتۇرۇپ قويىمەن...

مانا مۇشۇنداق ئاياللار ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ سەۋر قاچىسىنى تولدۇرۇپ، ئېرۋىلىرىنى چىڭ تارتىلغان كىرىچتەك قىلىپ قويىدۇ، ئادەم دېگەن قىزىق مەخلۇقكەن، شۇنداقلارنىڭ گېپىنىڭ يالغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن شۇ يالغان گەپلەر ئادەمنىڭ تىنچ تومۇرىغا تېگىدىكەندە، باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئازدۇر — كۆپتۇر تەسىر كۆرسىتىدىكەن.

ياخشى دەپ ئاتالماق تەس، لېكىن يامان نامغا قېلىش بىردەملىكلا، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يامان نام مەڭگۈ يوقالمايدۇ.

«ئەينەككە كۆلۈپ قارىساڭ، ئۇمۇ ساڭا كۆلۈپ قارايدۇ».

ياخشى ئاياللارغا ئايان، تاتلىق، تىنچ تۇرمۇش ياخشى بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەتتىن ئايرىلالمايدۇ. دال كارنېگ ئەپەندى مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ھەسەل يەي دېسەڭ، ھەسەل كۆنىكىنى بۇزۇۋەتمە.»

كائىنات ئاياللارغا : ئەگەر سەن گۈزەل بولساڭ ، دەرۋەقە بەك ياخشى ؛ ئەقىللىق بولساڭ ، ھەممەيلەن ئىززەت قىلىدۇ . ھالبۇكى ، ئەڭ مۇھىمى باشقىلار ھۆرمىتىڭنى قىلىدىغان بولسۇن دەپ خىتاب قىلىدۇ .

— بوماش

بۇرادەر ، بۇ دۇنيا ھېچكىمگە قالماس ،
قالار ياخشى نامىڭ جاھاندا ، شۇ بەس .

— ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى

## 87 . ئائىلىڭىزدىكىلەر ئاغرىپ قالغاندا، چوقۇم يېنىدا ھەمراھ بولۇڭ

ياخشى ئايال، مېھرىبان ئانا دېگىنىمىز، ئېرىنىڭ ئالدىدا ياخشى خوتۇن، بالىلىرىنىڭ ئالدىدا ياخشى ئانا، ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا جاپاغا چىدايدىغان ئۆكۈز دېگەندىن ئىبارەت. ئائىلىڭىزدىكىلەر تەسەللىگە موھتاج بولغاندا، ئۇلارنىڭ يېنىدا ھەمراھ بولۇپ، دورا ئىچۈرۈڭ، قايناق سۇ بېرىڭ، بېشىغا لۆڭگە قويۇڭ، شورپا سېلىپ بېرىڭ، بەدەنلىرىنى سىلاپ قويۇڭ، ئاغرىۋاتقان يەرلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇڭ، ھەرگىز تاپا - تەنە قىلماڭ، ھاياتلىق ئەسلىدىنلا غەمخورلۇق ئىچىدىلا ئاندىن چوڭقۇر بەختكە ئېرىشەلەيدۇ.

زامانىۋى جەمئىيەت ھەممىلا ئادەمنى، بولۇپمۇ شەھەر ئائىلىرىنى پۇت - قولىنى يەرگە تەگمەس قىلىۋەتتى. ئالدىراشلىقتا ھەتتا بىر - بىرسىنىڭ چىرايىغا ئۇزاقراق «قارايدىغان» ۋاقىتمۇ يوق بولۇپ قالدى، شۇڭا خۇدا ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىسۇن دەپ ئادەملەرگە ئانچە - مۇنچە ئاغرىق سېلىپ تۇرامدىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

دېمىسىمۇ، ئائىلىدىكىلەر ئاغرىپ قالغان چاغلاردىلا ئاندىن

ئۇلار بىلەن مۇشۇنداق يېقىن تۇرالايمىز گاھىدا. شۇڭا، مۇشۇن-داق «ياخشى» پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، پۈتۈن مېهرى – مۇھەببىتىڭىز بىلەن ئۇلارغا ھەمراھ بولۇڭ، جىسمانىي جەھەتتىن-كى ئاغرىق، روھىي جەھەتتىكى تەسەللىگە ئېرىشكەندە، بۇنىڭ ئۈنۈمى ئوكۇل – دورىنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

تەكرىم ئىنسانلارغا ئۆز مەرھەمىتى ۋە سوۋغىسى سۈپىتىدە مۇلايىم، ئىتائەتچان، مېھرىبان، پاك، مۇقەددەس ھەمدە ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ماھىر ئايالنى ئاتا قىلغان. سەن ئۇنىڭ بىلەن تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگىن، بارلىق مال – دۇنيا-رىڭ، جۈملىدىن ئۆز ۋۇجۇدۇڭ ۋە ھاياتىڭنىمۇ ئۇنىڭغا تاپشۇر-غىن.

— مارتىن لۇتېر

مەدەت بەر ھەممىگە، ھەق يار بولغاي،
پۈتۈن ئالەم ساڭا مەدەتكار بولغاي.

— ناسىر خىسراۋ

## 88 . بىللە بەدەن چېنىقتۇرۇشقا قاتنىشىش

ئەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرىگە قىزىقىدۇ، ئۇلار خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ تونۇشقان كۈنى، توي قىلغان خاتىرە كۈنى دېگەندەك «ئەستە ساقلاشقا تېگىشلىك» خاتىرە كۈنلەرنى ئۇنتۇپ قالسا قالىدۇكى، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى، توپ مۇسابىقىلىرىنىڭ ۋاقتىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ياشلىرىمۇ، قېرىلىرىمۇ ئوخشاش.

ئېرىڭىز تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە شۇنچە قىزىقىۋاتقان يەردە، سىزنىڭ ئۇنىڭغا يول قويماسلىقىڭىز ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تەن چېنىقتۇرۇشقا قاتناشماسلىقىڭىز قانداق سەۋەبىڭىز بار؟

ئۇنىڭ ئۈستىگە تەنھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش، ئاز ئولتۇرۇش، ئاز ئەمگەك قىلىدىغان ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا كەم بولسا بولمايدۇ. ئەرلەرگە نىسبەتەن، بولۇپمۇ ئۇزۇن مۇددەت خىزمەت بېسىمى ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى بۇرۇقتۇرمىلىق ئاستىدا تۇرغان ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەنھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش، شۈبھىسىزكى، بېسىمنى يەڭگىللىتىش ۋە ئۆز ھېسسىياتىنى چىقىرىشنىڭ شىپالىق دورىسىدۇر.

ئۆي كىچىك بولسىمۇ ، ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇلسا ، ئېتىز كىچىك بولسىمۇ ، ئوبدان تېرىقچىلىق قىلىنسا ، خوتۇن نامرات بولسىمۇ ، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئالالىسا بايلىق دېگەن شۇ .

— يوهان لىر

مال دۇنيا توپلاش هۈنەر ئەمەس ئەسلا ،
قولۇڭدىن كەلسە گەر بىر دىلنى ئاسرا .

— سەئىدى شىرازى

## 89 . باللىرىڭىزنى مۇزېي، پەن ـ تېخنىكا كۆرگەزمىلىرىگە ئاپىرىپ تۇرۇڭ

باللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار ئەڭ ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان نەرسە ئويۇن، دەل ئاشۇ «ئويۇن» ياخشى باللار-نى تەربىيلەپ چىقىدۇ. دائىم باللىرىڭىزنى مۇزېيخانا، پەن ـ تېخنىكا كۆرگەزمىلىرى، ھەرخىل، ھەر ياڭزا خاتىرىلەش سارايـ-لىرىغا ئاپىرىپ تۇرۇڭ، ھەر يەرنىڭ شەرت ـ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، كونكرېت ئوبيېكتقا قاراپ تەربىيلەش كېرەك. باللارغا «ئويۇن» غا بولغان قىزىقىشى جەريانىدا بەزى ئەھمى-يەتلىك نەرسىلەرنى ئۆگىنىڭ ۋە تونۇتۇڭ.

ئېدىسون كىچىك چېغىدا ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ تولۇق ئوقۇمىغان، بىرىنچى سىنىپتا ئۈچ ئاي ئوقۇپلا ئوقۇتقۇ-چىسىنىڭ «دۆت ئېشەك» دەپ تىللاپ ھەيدىۋېتىشى بىلەن مەكتەپكە ئىككىنچىلەپ كەلمىگەن. لېكىن ئېدىسوننىڭ ئانىسى ئىنتايىن ئەقىللىق، ئوقۇمۇشلۇق ئايال بولۇپ، ئېدىسوننىڭ قو-لىدىن يېتىلەپ، داللارغا ئەچىقىپ، ئاخشاملىرى ئاسماندىكى ئاي ـ يۇلتۇزلار، كۈندۈزى قۇياش ۋە يەر شارى، دەل ـ دەرەخ توغرىسىدا. ياز كۈنى چاقماق، بوران ـ يامغۇرلار، قىش پەسلىدە ئاپئاق قار، كۆك مۇزلار توغرىسىدا ناھايىتى قىزىقارلىق ھېكايى-لەرنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق، ئېدىسوننىڭ قەلبىدە تەبىئەت

دۇنياسىغا بولغان مۇھەببەت، كائىناتتىكى سىرلىق ھادىسىلەرگە بولغان قىزىقىشنى پەيدا قىلىپ، ئاخىرى ئىلىم ـ پەنگە بولغان چەكسىز مۇھەببەتنى قوزغاتقان. شۇنىڭ بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىنىمۇ تولۇق ئوقۇمىغان ئېدىسون ئۆز ئۆمرىدە 3000 دىن ئارتۇق نەرسىنى كەشىپ قىلىپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىغا زور بەختلەرنى ئېلىپ كەلگەن كەشپىياتچىغا ئايلانغان.

بالىنى ياخشى كۆرۈش، بالىنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك ۋە ئەمگەك قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئەتراپلىق، تەڭپۇڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بىر ياخشى ئانا ھەرگىزمۇ بالىلىرىنى ئەركىلىتىدىغان، پارىنىكتا سولاپ قويمايدۇ، ئۇ بالىلىرىنى زامانىۋى بىلىم ۋە زامانىۋى تۇرمۇش ئېقىملىرىغا قوشۇلۇپ كىرىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ، يول كۆرسىتىدۇ، بالىلىرىنىڭ ئەقلىنى ئېچىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.

بالىلار، ئەتىگە، كەلگۈسىگە تەۋە. بالىلارنىڭ كەلگۈسىنى بۈگۈنكى تەربىيە ۋە يېتەكلەش بەلگىلەيدۇ. بىر ياخشى ئانا ئۆز زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە ئېغىر ۋەزىپىنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنى بىلىشى زۆرۈر.

**بالىلار كەلگۈسىدە قانداق ئىش قىلىشنى، كىچىكىدىن باشلاپ ئىشلىشى لازىم دەپ قارايمەن، قانچىلىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بېرىۋاتقان «تەربىيىسى» نى قانداق چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئۇلار پەقەت ئادەتتىكىچە بولۇشقا زورلاپ، ئۇلارنىڭ گۈزەل شەيئىلەرنى يارىتالايدىغان ھەرقانداق پۇرسەتلىرىنى تارتىۋالىدۇ.**

**— دونىكان**

**كىچىك چاغدا ئىنسان بىلىم ئۆگىنۇر،**
**چوڭايسا ئۇنىڭلە تىلەككە يېتۇر.**

**— يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

## 90 . ھەرگىز غەزەپلەنمەڭ

غەزەپلەنگەن ئادەملەر ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلىنىش كەيپىيات ھالىتىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى كۈچلۈك ئۆزلۈك ئېڭى بولمايدۇ، ھەتتا ئىدراكنى يوقىتىش دەرىجىسىگە بارىدۇ، ئىرادىسى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ، سىرتقى كۈچلۈك غىدىقلاش-لارنى ئىككىلەنمەستىن، ئىلغىماستىن قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە بىر-دەملىك ھاياجانلىنىش بىلەن باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈپ قويىدى-غان ئىنكاستا بولىدۇ. تېبابەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قاتتىق غەزەپلىنىش جىگەرنى زەخمىلەندۈرىدۇ. جىگەر كېسىلى بارلار يەنى جىگەر ياللۇغى، جىگەر قېتىشىشتىن قورساققا سۇ يىغىلىش، ئۆت ياللۇغى، ئۆتكە تاش چۈشۈش كېسىلى، جىگەر راكى قاتارلىقلارغا گىرىپتار بولغۇچىلار چوقۇم ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى كونترول قىلىشقا قاتتىق دىققەت قىلىشى زۆرۈر. ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم غەزەپلەنگەندە، كەيپىيات ھاياجانلىنىپ، يۈرەك سېلىشى تېزلىشىپ، قان بېسىمى ئۆرلەپ، ئاسانلا ئاشقازان 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، يۇقىرى قان بېسىمى، تاجسىمان يۈرەك كېسىلى، نېرۋا ئاجىزلىشىش قاتارلىق كېسەللەر پەيدا بولىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىپ، مېڭىگە قان چۈشۈپ، ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقىدۇ.

ئەرلەر هامان مۇنداق «ئۈچ چوڭ ئەڭگۈشتەر» ئارقىلىق بىر ئايالنى سىنايدۇ:

① كۆڭلىدە ئويلىغاننى دېيىشى ناتايىن؛

② دېگىنىنى قىلىشى ناتايىن؛

③ قىلىدىغىنىنى دېيىشى ناتايىن.

ھېلىقىدەك ئەرلەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالالايدىغان ئاياللار جېدەل ـ ماجىرا چىقىشتىن بۇرۇن، ئەرلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلىۋالىدۇكى، ھەرگىزمۇ غەزەپلەنمەيدۇ.

گۇمانخورلۇق ئاياللارنىڭ تۇغما تەبىئىتى، لېكىن بارلىق تۇغما تەبىئەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئەرلەرگە نىسبەتەن «مىڭنى خاتا ئۆلتۈرسەم ئۆلتۈرىمەنكى، بىرىنىمۇ قاچۇرۇپ قويمايمەن» دەيدىغان ئاياللار ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدىغان ئاياللاردۇر.

ھازىرقى مودا: گەپ بولسا ئاستا ـ ئاستا دېيىشمەمدۇق!

غەزەپنى چىقىرىشنىڭ مۇنداق بەش خىل يولى بار:

① چىرايلىرى قىزىرىپ، گۇرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ، چىشلىرى كاراسلاپ كېتىش، لېكىن ھۇجۇم قىلماسلىق؛

② ئۆز ـ ئۆزىنى ئۇرۇش، جازالاش؛

③ ئاڭسىز ھالدا ئۆچ ئېلىپ دەردىنى چىقىرىش، مۇناسىۋەتسىز ئادەملەرنى تىللاپ، ئاچچىقنى چىقىرىش؛

④ ۋارقىراش، ھۆركىرەپ يىغلاش، جېدەل قىلىش، تىللاپ قارغاش، ئۇرۇش؛

⑤ بۇ نورمال بولغان ئىپادە بولۇپ، ئاچچىقى كەلگەندە راسا يىغلاپ، ئاچچىقنى بېسىش.

بۇلاردىن باشقا تېخىمۇ ئاقىلانە بولغان نورمال غەزەپ چىقىرىش ئۇسۇلى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنىڭ نارازىلىقى ۋە ئازابلىرىنى يوشۇرماي، دوستلىرى ياكى يېقىنلىرىغا ئېيتىپ ئىچىدىكى بوشىتىۋېلىش.

ئادەم ھەم ئىدراكلىق ھەم ھېسسىياتلىق مەخلۇق، قايسى بىرىگە سەل قارىسىڭىز ئوخشاشلا پسىخىك توسالغۇ پەيدا بولىدۇ. دائىم ئىچىڭىزگە سېلىپ يۈرسىڭىز، ئۆزىڭىزنى كېسەل قىلىپ قويىسىز، دائىم غەزەپلىنىپ يۈرسىڭىز، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويىسىز. ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن پۇشايماننى ئالدىغان قاچا يوق، ئۆزىڭىزنىڭ گۆشىنى ئۆزىڭىز يېگۈدەك بولۇپ كېتىسىز. «چىنە سۇنسا قاداق تۇتمايدۇ»، شۇڭا ئېرىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ھەرگىز غەزەپلىنىپ، نىكاھىڭلارغا دەز كەتكۈزۈۋەتمەڭ.

**ئاچچىقى يامان ئايال يېتىلىنىپ بولغانغان بولاق سۈيىدەك بارلىق گۈزەللىكىنى يوقىتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقتىن لەۋلىرى گەز باغلىغان ئادەمنىڭمۇ ئۇنىڭدىن بىر يۇتۇمنىمۇ ئاغزىغا ئالغۇسى كەلمەيدۇ.**

**— شېكىسپىر**

**قېرىنداش بولسىمۇ جاھىل، كېچىپ كەت،**
**راھىتىدىن كۆپ ساڭا زىيان ـ زەخمەت.**

**— ناسىر خىسراۋ.**

## 91 . ئېرىڭىز نەگە بارسا سايىدەك ئەگىشىۋالماق

ئەرلەرنىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ئۈچ خىل ئايالنىڭ تەرتىپى مۇنداق ئىكەن:

① توختىماي كوتۇلدايدىغان ئاياللار؛

② نەگە بارسا سايىدەك ئەگىشىۋالىدىغان خوتۇنلار؛

③ ئۆز گېپىنىلا يورغىلىتىدىغان ئاياللار.

سىز قايسى خىلغا كىرىسىز؟

ئەرلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس قائىدىلىرى بولىدۇ، يەڭلىرىنى شىمايلىشىپ، ئېچىشىپ، ئاغزىدا شەھەر ئالىدۇ. كېچىچە ماجاڭ، قەرت ئويناپ، تاڭ ئاتقۇزۇۋېتىدۇ. «ھېلىقىدەك ئىشلار» توغرىسىدا ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلىشىدۇ... سىز ئۇنداق سورۇنغا بېرىۋېلىپ نېمىمۇ قىلىسىز؟ ئۇنداق سورۇننىڭ نېمە قىزىقى بولسۇن؟

ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلسىڭىز، كىتاب ئوقۇسىڭىز، تېلېۋىزور ياكى DVD پلاستىنكىلىرىنى كۆرسىڭىز، باللىرىڭىزنىڭ تاپشۇرۇقلىرىغا يېتەكچىلىك قىلسىڭىز... سىز قىلىدىغان ئىش سامانىدەك.

«موزاينىڭ يۇگرىشى سامانلىققىچە»، «ئات ئايلىنىپ ئوقۇ-

رىنى تاپىدۇ». سىز ئېرىگىزنىڭ سايىسى بولۇۋالسىگىزمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكى، مېگىسىنىڭ سايىسى بولالامسىز؟ قايسى بىر قەدىمىي كىنودا بىر پومېشچىكنىڭ بېشىنى توخۇ كاتىكىگە تىقىۋېلىپ دېگەن مۇنداق بىر گېپى يادىمدا: «قوكۇمنى بۆرە يېسە يېسۇن، كۆزۈم كۆرمىسۇن». ئەمدى يەنە ئېرىگىزگە سايىدەك ئەگىشىۋالامسىز، ئەگىشىۋالماسىز ئۆزىگىز ئويلىشىپ قارار قىلىڭ!

سۆيگىنىڭدىن يىراق تۇرۇش سەن ئۈچۈن ياخشىلىق ۋە پايدىلىقراق، كۆزۈڭ كۆرمەيدۇ، كۆرمىگەندىكىن دىلىڭ رەنجىمەيدۇ.

— «مىلى بىر كېچە» دىن.

زۇلۇم چەكسەڭ، كىيگىن چىدام ئۈتۈكىنى،
يۇمشاقلىق ياپىدۇ، ئۇرۇش ئىشىكىنى.

— سەئدى شىرازى

## 92. باشقا ئەرلەرنىڭ سۆيگۈ ئىزھارىنى رەت قىلىڭ

ئايالار ئازادلىقى ئەر ـ ئاياللارنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىدا، ئاممۋى سورۇنلاردا بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىنى كۆپەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيدە ئەر ـ ئاياللارنىڭ قىلىشىدىغان گېپى قالمىسىمۇ، لېكىن سىرتتا باشقا ئەر ياكى ئايال بىلەن ئەركىن ـ ئازادە، سائەتلەپ پاراڭلىشىدىغان ئەھۋاللار كۆنسىرى كۆپەيمەكتە. نورمال يوسۇندىكى سۆھبەت، ئالاقە ئەر ـ ئاياللار-نىڭ نىكاھ ئىشىغا تەسىر يەتكۈزمىسىمۇ، لېكىن ئالدىنقى تېمىلاردا ئېيتىپ ئۆتكەن «تۆتىنچى خىل ھېسسىيات» ئەر ـ ئايال ئىككىلا تەرەپنىڭ ئائىلىسىگە چوڭقۇر ئازابلارنى، ھەتتا قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان نىكاھ كرىزىسىنى ئېلىپ كېلىپ، سەبىي باللارنى مۇشۇنداق مەسئۇلىيەتسىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قۇربانلىرى بولۇشقا مەجبۇر قىلماقتا.

«ئەرلەرگە نىسبەتەن ھېسسىيات ۋىجداندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەن ئىدى كىمدۇر بىرى. ئەگەر ھەقىقەتەن باشقىسى بىلەن نىكاھلىق تۇرۇپ، ئىككىنچى بىر نىكاھلىق ئايالنى ياكى ئەرنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا ھەمدە ئىككىلا تەرەپ مۇ-شۇنداق ھېسسىياتتا بولسا، مېنىڭچە دەرھال نىكاھىدىكى ھەمرا-

ھى بىلەن ئاجرىشىش كېرەك. بالىلىرىمنى يېتىم قىلمايمەن دې-
گەننى باھانە قىلىپ، يوشۇرۇن ھالدا ئاشنا ئويناپ، بىر - بىرى
بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرۈش، «بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سو-
قۇش» تولىمۇ شەرمەندىلىكتۇر.
ئەگەر ئېرىڭىزنى چىن دىلىڭىزدىن ياخشى كۆرۈپ تۇرۇۋاتـ-
قان شارائىتتا باشقا ئەرلىرىمىز سىزگە «سۆيگۈ» ئىزھار قىلغان
بولسا، سىزگە دەرھال ئوچۇق پوزىتسىيە تۇتۇش تەكلىپى بېرد-
مەن. ھەرقانداق بىر ئەر كىشىنىڭ ئاياللارنىڭ ئۆزىنى ياقتۇرد-
دىغان - ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلگۈسى كېلىدۇ، ناۋادا ئەرلەر-
نىڭ قىز دوستى ياكى ئايالى بولغان بولسا، بولۇپمۇ ئۇلار قارشى
ھەمراھىنى قىزغىن سۆيسە، كۆپ ھاللاردا باشقا ئاياللار بىلەن
يېقىنلىشىشنى ئويلىمايدۇ. لېكىن ئۆزىنىڭ جەلپكار ياكى ئەمەس-
لىكىنى سىناپ كۆرۈش ئويى بەزى چاغلاردا ئۇنى باشقا ئاياللارغا
«قول سېلىش» قا ئۈندەيدۇ. بۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق خاھىش-
تۇر، شۇڭا بىزنىڭ ئاياللارغا ئەرلەرنىڭ پسىخىكىسىنى كۆپرەك
ئىگىلەشنى يەنە بىر قېتىم تەۋسىيە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.
مۇشۇنداق بولغاندا، سىز ھەرقانداق ئىشلارغا تەمكىنلىك بىلەن
مۇئامىلە قىلالايسىز. دېمەك، ئاخىرقى گەپ، بەزى ئەرلەرنىڭ
سىزگە «سۆيگۈ» ئىزھار قىلىشى پەقەت ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقىنى
سىناپ باقماقچى بولغانلىقى، ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، سىز
ئۇنىڭ «سىناق بۇيۇمى» غا ئايلىنىپ قالغان، بۇنى ئوبدان
ئويلىنىپ كۆرۈڭ.
باشقا ئەرلەرنىڭ «سۆيگۈ» ئىزھار قىلىشىنى رەت قىلىشتا
سەمىمىي، كەسكىن پوزىتسىيە تۇتۇشىڭىز كېرەك، بۇ سىزنىڭ
ئېرىڭىزگە بولغان ھۆرمەتتۇر.

ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك ئايال پانىي ئالەمدىكى جەننەت.

— رومىن روللان

ئىنساندىكى ھۆسن ۋە لاتاپەت ھايا بىلەن ئىپپەتتۇر،
ھاياسىز يۈز باشسىز جەسەتكە ئوخشاشتۇر.

— ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا

## 93 . ئائىلىخىزنى ئورتاق باشقۇرۇڭ

ئائىلە — ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەت ياكى تۇرمۇش پاراكەندىچىلىكى ئىپادىلىنىدىغان مەركىزىي ھالقا. كىشىلىكنىڭ پۈتۈن ئۇتۇقلىرى، ھەربىر شەخسنىڭ پۈتۈن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاخىرقى ھېسابتا مەيلى ئۇ پادىشاھ ياكى پۇقرا، سەركەردە ياكى ئەسكەر بولسۇن، ئوردا ـ تەختلەردە، جەڭ ـ بارىگاھلىرىدا ئەمەس، ئائىلىدە ئىنسانىي بەخت ـ ھالاۋەت، پەخرى ئىپتىخار قىممىتىنى تاپىدۇ. شۇڭا، ئەگەر ئائىلە ياخشى باشقۇرۇلسا، ئەر ياكى ئايال ئائىلىدە ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلسا، ئۇنىڭ باشقا بارلىق ئىشلىرى بىر مەنىۋى يۆلەنچۈككە ئېرىشىدۇ.

مۇھەببەت، نىكاھ، تۇغۇت، ئائىلە تەربىيىسى، كۈندىلىك مەئىشەت، كېسەل كۈتۈش، قېرىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، قىز چىقىرىش، ئوغۇل ئۆيلەش، ئۆلۈم ـ يېتىم، ئائىلە زىددىيەت- لىرى، ئائىلە دەۋالىرى، مېھماندارچىلىق، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق نەسەپدارچىلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئائىلىنىڭ جىددىي ھەرىكەتتە تۇرىدىغان ئىجتىمائىي مېخانىزم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، مۇشۇ ئىشلارنى باشقۇرۇش ئەر ـ ئاياللارنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ئورتاق ۋەزىپە.

قانداق باشقۇرۇش — بارلىق ئائىلىۋى مەسىلىلەر ئىچىدى-

كى ئەڭ مۇھىم مەسىلە. يېيىش، ئىچىش، يېتىش، قوپۇش، ئەمگەكتە بىللە بولۇش «بەرپا قىلىش» دېيىلىدۇ، بىللە قارار چىقىرىش، بىللە تىزگىنلەش، بىللە ھۇزۇرلىنىش، جاپا ـ مۇشەق ـ قەتتە بىللە بولۇش بولسا ئائىلىدە ھەقىقىي ھېسسىياتنىڭ مەۋ ـ جۇتلۇقى، چىنلىقىنىڭ بارلىقىنىڭ ئىپادىسى.

يېڭى تەپەككۇر: ئاۋۋال ئائىلەڭدىكى ئىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، ئاندىن جاھانغا نەزەر سال.

يەنە بىرخىل مودا: ئەرلەر پۇل تاپىدۇ، ئاياللار خەجلەيدۇ. ئەرلەر پۇل خەجلەپ نەتىجە چىقىرىدۇ، ئاياللار پۇل خەجلەپ ئاچچىقىنى چىقىرىدۇ.

**سىرتتىكى ھەرقانچە چوڭ بەختمۇ ئائىلىدىكى بەختكە يەت ـ مەيدۇ، مەيلى پادىشاھ ياكى دېھقان بولسۇن، ئائىلىدە ئىناق بولغىنى ئەڭ بەختلىكتۇر. ئىناقسىز ئائىلە تىرىكلەر كۆيۈپ ئازابلىنىدىغان دوزاخ، دۇنيانى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىققاندىلا، ئۆز ئۆيىدىن ئوبدان جاينىڭ يوقلۇقىنى بىلگىلى بولىدۇ.**

**ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشى ئەر ـ ئايال ئىككىي ـ لەننىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ، ئۇنى ۋەيران قىلىمەن دېسە، بىرلا ئادەم بولسا كۇپايە.**

**— ببلىنىسكى**

**ئايالى ئەقىللىق، ئېرى ئىش بىلەر،**
**دېمەك بۇ ئائىلە كۈندىن كۈن گۈللەر.**

**— خۇسراۋ دېھلىۋى**

## 94. تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىپ، ئائىلىڭىزنى قامداڭ

ھەرقانداق نەرسە ئاز بولسا بولسۇن، پۇل ئاز بولمىسۇن. ئىلگىرى نامراتلىق پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى ئىدى، ھازىر نامراتلىق بىرخىل جىنايەت ھېسابلىنىدۇ.

ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل بولماي تۇرۇپ، ئاياللار مۇستەقىللىقى، خوجايىنلىقى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

ئاياللار پۇل ئىشلىتىدىغان جايلار ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن كۆپ، كىيىم - كېچەك، زىبۇزىننەت، گىرىم بۇيۇملىرى، قورۇق يوقىتىش، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش سۇيۇقلۇقلىرى، توي - تۆكۈن، ئادىمەتچىلىكلەر، ھەتتا ئايدا بىر قېتىم ئەڭ ئاز دېگەندە ئون يۈەن خەجلەپ «ھېلىقى نەرسە» نى ئالمىسىڭىز تېخى بولمىغان، ئەگەر يېنىڭىزدا ئەڭ ئاددىي، نورمال تۇرمۇش كەچۈرگۈدەك پۇلىڭىزمۇ بولمىسا، بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىش. ھەر قېتىم ئەردىن پۇل سوراش، كىشىگە ئىنتايىن ئېغىر كېلىدۇ.

ساق بولسىڭىزمۇ مەيلى، ئاغرىپ قالسىڭىزچۇ؟ ئۆتكەندە «كۆڭۈلدىكى سۆز» پروگراممىسىدا زىيارەت قىلىنغان ئىككى (خوتەنلىك) ياش ئايالنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىدىن نۇرغۇن

نەرسلەرنی ھېس قىلغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، ۋاقتانى ۋاق كەلگەندە ئەرلەر سىزنى بىر تېپىك بىلەنلا ئەسكى پايپاقنى تاشلىۋەتكەندەك تاشلىۋېتىشتىن يانمايدۇ، شۇڭا ياش، ھوشىڭىز بار چاغدا بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇستەقىل بولۇشقا تىرىشىڭ.

بىر ئايال پۇلنى قانچىكى ئۆز ئىرادىسى بويىچە خەجلىيەلىسە، ئۆز قەدىر - قىممىتىنى شۇنچە بىلەلەيدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بەرپا قىلىشىڭىزغا ئىنتايىن ياردەم بېرىدۇ.

— پونىلوپ روسئانوۋ

ھېچكىمگە يېلىنماس ھۇنەرلىك ئادەم،
رىزقىنى بېغىدىن تاپىدۇ ئادەم.

— سەيىدانە سەبىي

## 95 . ئىرىگىز بىلەن سوقۇشماق

ئائىلىلەردە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر تۇپەيلىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان زىددىيەتلەرنى كۆپ كۆرۈۋېرىپ، كۆزگە سىڭىشىش بولۇپ كەتتى. ئائىلە نامرات چاغدا مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ كەلدۇق، ئەمدى پۇل بار چاغدا ھەرقايسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق خىيالى، يېڭىدىن يېڭى ئارزۇ ـ ئارمانلىرى چىقىپ، يەنىلا توقۇنۇشتىن ساقلانغىلى بولمايۋاتىدۇ.

كونىلارنىڭ دېيىشىچە، «سوقۇشقان ئۆيدە بەرىكەت بولمايدۇ»، ئىرىگىز بىلەن سوقۇشقان چېغىڭىزدا بالىلىرىڭىزنىڭ چىرايىغا قاراپ باقتىڭىزمۇ؟ بىچارە بالىلار كۆزلىرىنى بىردە سىزگە، بىردە دادىسىغا تىكىپ، قورقۇش ئىچىدە بۇلۇڭغا كىرىپ ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتقان ھالىتى سىزنى ئازابلىغاندۇ؟ مۇشۇنداق جەڭگى ـ جېدەل ئازاب ئىچىدە چوڭ بولغانلارنىڭ روھى قانداقمۇ كۆتۈرەڭگۈ بولالايدۇ؟ قانداقمۇ ئۆزىگە ئىشىنەلەيدۇ؟ ساۋاقداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى، ئۆگىنىشنى قانداقمۇ ياخشى بىر تەرەپ قىلالايدۇ؟ ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى قانداق بولماقچىتى؟

قىزىمنىڭ مەكتىپىگە ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىغا بارغىنىمدا، دائىم بىر ئوغۇل بالىنىڭ تەنقىدلەنگەنلىكىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرەر قېتىممۇ ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىغا كېلىپ باقمىغانلىقىنى ئاڭلايتتىم. بالىلارمۇ ئۇ بالىنى ناھايىتى ئەسكى، كەچكىچە خەق ـ لەرنى بوزەك قىلىدۇ دەيتتى. ئۆتكەن قېتىمقى ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىدا شۇ بالىنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى سوراپ كېلىشنى بىر خىزمەتدىشىغا ھاۋالە قىلىپ، ئائىلە باشلىقى يەنە ئۆزى كەلمەپتۇ، مەن بۇنىڭغا قىزىقىپ، ھاۋالە قىلىنغۇچىدىن سورىسام، بۇ بالى ـ نىڭ ئانىسى دوختۇر، دادىسى ساقچى ئىكەنلىكىنى، ئىككىسىنىڭ دائىم ئۇرۇشۇپ، ئاخىرى ئانا دەردىنى ئوغلىدىن چىقىرىدىغانلى ـ قىنى، يېقىندىن بۇيان ئۇ ئەرنىڭ ئۆيگە قايتمايدىغان بولىۋالغان ـ لىقىنى ئېيتىپ بەردى. بىچارە بالا، ئەسلىدە بالىدا گۇناھ يوق، بەلكى ئاتا ـ ئانىسى بۇ بىچارە بالىغا مېھرى ـ مۇھەببەت ئاتا قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالماي، ئۇرۇشۇپ يۈرگەن ئىكەن. مەيلى ئۇ ئەر ـ ئايال قانداق سەۋەبتىن سوقۇشسۇن، بۇ ھېچكىمگە پايدىلىق ئەمەس.

ياخشى ئاياللارغا ئايان، ئىقتىسادىي مەسىلە ياكى باشقا سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان چوڭجە ـ خورازدەك سوقۇشۇپ، ئىناقسىزلىق پەيدا قىلىش ھەم ئائىلىنىڭ بەختسىزلىكى، شۇنداقلا شەخسكە نىسبەتەنمۇ نومۇس.

كونا ئۆتكۈزۈش قانۇنى: ئېلىشنى ئازراق ئېلىپ، مۇھەب ـ بەتنى كۆپرەك ئاتا قىلايلى! تېجەپرەك خەجلەپ، ئىقتىسادچانراق بولايلى! كۆپرەك پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئازراق سوقۇشايلى!

نكاھ مۇناسىۋىتىدە ئەدەپ ـ قائىدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن جورا تاللاشتىن كېيىنلا تۈزىدۇ، ياش چوكانلار ئېرى ئالدىدا مېھماندەك ئەدەپلىك بولۇشى لازىم. جاۋىلداق خوتۇندىن ھەر-قانداق ئەر ھەزەر ئەيلەيدۇ.

— دانلوچ خانىم

كىم بىراۋ دىلىنى زۇلۇمدا تىلدى،
ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىنى يارىدار قىلدى.

— پەرىدىددىن ئەتتار

## 96 . تۇرمۇشىمىزغا ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇڭ، ھەر ۋاقىت خۇشال ياشاڭ

كورىيە 50 قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «كۆل قىز» نى بۇلتۇر پلاستىنكىسىنى ئارىيەت ئېلىپ كىرىپ بەش كۈندە كۆرۈپ تۈگەتكەن ئىدىم، ئۇنىڭدىن كېيىن تېلېۋىزوردىن يەنە ئۈچ قېتىم كۆردۈم، ھەر قېتىمدا كۆرگەن چېغىمدا بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرى ماڭا خۇددى يېڭىدىن كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ھەر قېتىمدا ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن يۇمۇرىستىك ۋەقەلەر مېنى كۈلدۈرسە، ئازابلىق كۆرۈنۈشلەر مېنى يىغلىتىدۇ. بولۇپمۇ باش قەھرىمان لى شەنيۇنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان ئاكتىپ پوزىتسىيىسى، ھەرقانداق چاغدا كۈلۈپلا تۇرۇشى، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئۆز ـ ئۆزىگە: ھېچقىسى يوق شەنيۇ، سەن چوقۇم يېڭەلەيسەن! قەيسەر بول دەپ مەدەت بېرىشى، شۇنداق جاپا تارتسىمۇ كۈلۈپلا يۈرۈشى مېنى تولىمۇ مەھلىيا قىلىدۇ ھەم ماڭىمۇ ئۇنىڭ روھى ئۆتۈۋاتقاندەك بولىدۇ.

ئەسكى قىز شېڭشىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا نېمە ئۈچۈن تۈرمىگە چۈشكەنلىكىنى بۇ فىلىمنى كۆرگەن ئادەم بىلىۋالالايدۇ، ئۇنى ۋەيران قىلغان دەل ئۇنىڭ ئىدىيىسى. تۇرمۇشقا پاسسىپ، سەلبىي تەرەپتىن قارىشى، ھەسەتخورلۇقى، ئىچى تارلىقى ۋەھا-

كازالار.

بەلكىم تەقدىر ـ پېشانە شۇنداقتۇر، لېكىن خۇدا ئادەملەر ـ نىڭ خۇي ـ پەيلىگە قاراپ كۆپ بېرىدۇ، سىز دىققەت قىلىپ باقتىڭىزمىكىن، باشقىلار ماڭا ئامراق دەپ ئويلىسىڭىز، راستىنىلا ھەممە ئادەم سىزگە ئامراقتەك ھېس قىلىسىز. ئۇ ماڭا ئۆچ دېسىڭىز، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ قىلغان ھەرقانداق گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكىتى سىزگە ئۆچمەنلىك قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىد ـ دۇ. بۇ پەقەت سىزنىڭ قانداق ئويلىشىڭىزغا، باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىڭىزغا، تۇرمۇشنى قانداق چۈشىنىشىڭىزگە باغلىق. ئەگەر خۇشال ـ خۇرام، بەختلىك ياشاي، ھەربىر كۈنۈمنى مەنىلىك ئۆتكۈزەي دېسىڭىز، تۇرمۇشقا ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇ ـ تۇڭ. ئۈمىدۋار بولۇڭ، خۇشال ياشاڭ، مۇنداق ياشىسىڭىز پۇلد ـ ىڭىزنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىمۇ، ھېرىپ ـ چارچاش، دەرد ـ ئەلەملىرىڭىزمۇ بىلىنمەيدۇ.

ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ بېقىڭ: ئۆيىڭىزدە ئېرىڭىز ۋە بالىلىرىڭىز بىلەن بىللە خۇشال ـ خۇرام ناخشا ئېيتىپ، ئۇس ـ سۇل ئويناپ باقمىغىنىڭىزغا قانچە يىل، قانچە ئاي، قانچە كۈن بولدى؟

**شاد ـ خۇراملىق ئۈمىد چېچىكى، ئۇ ئايالالارغا كۈچ ـ قۇۋ ـ ۋەت ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى بۇ ھاياتلىقتىكى ئوڭۇشسىزلىقلاردىن قىلچە قورقماي، ھاياتقا توغرا قارىيالايدىغان قىلىدۇ.**

**— بالزاك**

**ئۆتۈپ بارار ئەجەپ ئۆمۈر كارۋىنى،**
**قولۇڭدىن چىقمىسىمۇ شادلىق ماكانى.**

**— ئۆمەر ھەييام**

## 97 . مەڭگۇ «ئائىلە» ئىزنى مەركەز قىلىڭ

قاچانلاردا باشلانغانلىقى نامەلۇم، «ئاياللار ئۆي ئىچىنىڭ، ئەرلەر تېشىنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ» دېگەن بەلگىلىمە ئاياللارنى «ئۆيدە ئولتۇرىدۇ» دېگەن ئورۇنغا مەھكەم مىخلىۋەتتى. ئۆي رەتلىنىشكە، ماسلاشتۇرۇلۇشقا موھتاج، ئاياللار تۇغما بولغان مۇلايىملىقى بىلەن بەلكىم ئائىلىنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە تەرەققىياتىغا تېخىمۇ مۇۋاپىق كەلسە كېرەك.

«ئۆي ئىشىمۇ ئىش» دېگەن تېلېۋىزىيە فىلىمىدە، ئاتاقلىق ئارتىسىمىز فىردەۋس ئەزىزى ئەرلەرنىڭ ئۆي ئىشى دېگەن قانچىلىك ئىشتى دەپ، خوتۇنى بىلەن ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ، بىر كۈنلۈك «خوتۇن» بولۇپ، خوتۇنىنىڭ بىر كۈندە قىلىپ تۈگىتىدىغان ئىشلىرىنى ئەپلەشتۈرۈپ قىلالماي، يۈز ـ كۆزلىرى مەينەت، قوللىرى پىچاقتا كېسىلگەن، باللىنىڭ تەرىتى ئىشتىنىد-نى بۇلغىۋەتكەن، چاچلىرى چۇۋۇلغان... ئېچىنىشلىق ھالىتىنى ئىنتايىن يۇمۇرلۇق ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن ئىدى.

دېمىسىمۇ ئاياللار بىر كۈندە قىلىدىغان ئىشنى، شۇنداقلا مۇشۇنداق ئۆلگۈچە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئىشلارنى ئەرلەرنىڭ چىداپ قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ جەھەتتە ئەرلەر ئاياللارغا

مىدال تاقاشقا، بىشىدا كۆتۈرۈشكە ھەقلىق.

ياخشى ئاياللارنىڭ قەلبىدە ھەر دائىم ئائىلىسى مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولىدۇ، ئىشنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بولمايدۇ، ئاياللار ئائىلىنىڭ غوللۇق ئارتىسى، ئائىلە ئاياللارنىڭ سەھنىسى.

ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئەڭگۈشتەرى: ئەمگەكچانلىق، ئىقتىسادچانلىق، ئىناقلىق، كۆيۈمچانلىق.

**ئاياللارنىڭ ئېرىگە ۋە بالىسىغا شۇنى ئېيتىپ قويۇش كېرەكىكى، ناۋادا ئۆيىڭىزدە ئايالىڭىز ياكى ئانىڭىزنىڭ ئېغىر ئەمگىكى ۋە تەر ئاققۇزۇشى بەدىلىگە كەلگەن جەۋھەر بولمىغان بولسا، سىزنىڭ يەيدىغىنىڭىزمۇ، كىيىدىغىنىڭىزمۇ بولمايدۇ.**

**— چيتەن دازو**

**مۇشەققەت چەكمىگەن تاپماس خەزىنە،**
**تۇن كەينىدىن كېلەر كۇندۇز ھەمىشە.**

**— سەئىدى شىرازى**

## 98. ئەخلاق — سىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئەڭگۈشتەرىڭىز

ئاياللارنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى، ئەركىنلىشىپ، ئەخلاق جەھەتتىن مەسىلە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇرۇن ئەرلەرنىڭ يۈزىگە قارىسا نامەھرەم بولىدۇ دەيدىغان قاراشلار هازىر يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىغا چۆرۈۋېتىلدى.

زامانىۋىلىشىش ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىغا تېخىمۇ كەڭ دەرۋازا ئېچىپ بەرگەندەك قىلىدۇ، هازىر كىمكىلا قارىسىڭىز يان تېلېفون، ھەممىلا ئۆيدە دېگۈدەك كومپيۇتېر بار. ئاياللار ھەرقانداق چاغدا ئۆز ئېرىدىن باشقا بىر ئەر بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشسە، مۇھەببەتلەشسە، كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدىغان ئۇچۇرلارنى يوللىسا بولىۋېرىدىغان، كومپيۇتېردىكى خەت ساندۇقى ياكى مىكرافون ئارقىلىق مەخپىي ئالاقىلىشىدىغان، سۆزلىشىدىغان ئوڭايلىقلار تۇغۇلدى، ھەتتا بەزىلەر ئوچۇق ـ ئاشكارا سورۇنلاردا، قىلغان ئىشىدىن پەخىرلىنىپ باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىدىغان، بەزى تېخىمۇ ئەخلاقسىز ئاياللار ئېرىنى ئالداپ كوماندىروپكىغا چىقىدىمەن، يىغىنغا بارىمەن دەپ قويۇپ، ئاشنىسى بىلەن قىسقا مۇددەتلىك ياتاق ئېچىپ، كۆڭۈل ئاچىدىغان ئىشلارمۇ يوق ئەمەس. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، هازىر بۇ ئاشنىسى يوق ئاياللار-

نىڭ جەلپ قىلىش كۈچى يوقلۇقىدىن دېرەك بېرەرمىش.

تووا، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ ئەرنىڭغۇ ئويلىماي-لى، لېكىن باللارغا ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ياخشى نام ـ ئابرۇيى بار ئانا كېرەكقۇ ئاخىر. «پاختا ئىچىدە ئوت ساقلىغىلى، ئېتەك بىلەن ئاينى توسقىلى» بولمايدۇ.

موما م شۇنداق دەيدىغان: ئاخىر زامان بولغاندا بالام، ئاياللار كوچىغا چىقىپ كېتەرمىش دەپ. مۇنداق تېز ئاخىر زامان بولۇشىنى پەقەتلا خالىمايمەن، چۈنكى باللىرىم بار ئەمەسمۇ؟

بالزاك «مىللەتنىڭ تەقدىرى ئانىلار قولىدا» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ئەگەر ئاياللىرىمىز مۇشۇنداق بۇزۇقچىلىق (ياخشى ئاياللار يەنىلا كۆپ) بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان بولسا، بىزنىڭ مىللىتىمىز ھەقىقەتەنمۇ تۈگەشمەي قالمايدۇ. سىز بىر ئايال، تېخىمۇ مۇھىمى بىر ئانا، ئەخلاق سىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئەڭگۈشتە-رىڭىزگە ئايلانغاندا، ئاندىن سىزمۇ گۆھەر دەپ قەدىرلىنىسىز.

**بۇزۇق ئايالدىنمۇ يىرگىنىچلىك نەرسە يوقتۇر، ئىپپەتلىك ئايالدىنمۇ گۈزەل نەرسە ھەم يوقتۇر.**

**— ئولپىرمىس**

**ھايا ـ نومۇس ئىمانغا دەلىلدۇر،**
**ھاياسىز دائىما خارۇ ـ زەلىلدۇر.**

**— ئابدۇللا ئەۋلانى**

## 99 . ھەقىقىي جەلپ قىلىش كۈچىنى يېتىلدۈرۈڭ

ئاياللار ئۆزىنىڭ سەت بولۇپ قېلىشىدىن، قېرىپ كېتىشىدىن ئەڭ قورقىدۇ. ئەگەر چىرايلىق بولسا خۇددى كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان كاپىتالغا ئېرىشكەندەك ھېس قىلىدۇ، چىراي تۈرقى ئادەتتىكىچە، ھەتتا سەت ئاياللار دائىم ئۆزىنى باشقىلاردىن پەس كۆرۈپ، خۇدانىڭ ئۆزىگە قىلغان ئادالەتسىزلىكىدىن ئاغرىنىپ، ئازابلىنىپ ياشايدۇ. شۇڭا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇپا ـ ئەڭلىك ۋە مودا، قىممەت پۇللۇق كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن ئۆزىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاياللارنىڭ ھەقىقىي جەلپ قىلىش كۈچى ھەرگىزمۇ كېلىشكەن چىرايى ۋە كىشىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدىغان تاشقى قىياپەتتىلا ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ سالاپىتى ۋە خاراكتېر گۈزەللىكىدە بولىدۇ. سىزنىڭ تۇغما ساپارىڭىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت ھازىردىن باشلاپ تىرىشىسىڭىزلا، چوقۇم جەلپ قىلارلىق ئايال بولالايسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىڭ:

① يۈزىڭىز پاكىز، تازا بولسۇن. بۇ قېنىق گىرىم قىلىنغان يۈزلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جەلپ قىلارلىق بولىدۇ.

② ساغلام، شوخ، تېتىك، قىلىقىڭىز تەبىئىي بولسۇن. راۋرۇس قىياپەت، سەممىي كۆرۈنۈش، قىزغىن كۈلۈمسىرەش، يەڭگىل ئاۋاز قاتارلىق گۈزەل قىلىقلارنىڭ ھەممىسى سىزنى ماگنىتتەك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىدۇ.

③ ئەقىللىق، ئۆزىڭىزگە ئىشىنىدىغان، ئۆزلۈكسىز ئۆزىڭىزنى تولۇقلاپ تۇرىدىغان بولۇڭ. ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان گۈزەل چىراي ئۆزىگە ئىشىنىدىغان سەت چىرايدەك ئادەمنى ئۆزىگە تارتالمايدۇ، ئەگەر سىز ئۆزىڭىزگە ئىشەنسىڭىز، ئۇنداقتا سىز چوقۇم چىرايلىق بولالايسىز.

④ ئۆزىڭىزگە تايىنىڭ، ئۆزىڭىزنى ھۆرمەتلەڭ. ئۆزىڭىزنى سۆيۈڭ، بۇنداق ئاياللار تەمكىن، قىياپىتى تەبىئىي، يۈرۈش — تۇرۇشى سېھىرلىك بولىدۇ.

⑤ ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم بولۇڭ، باشقىلارغا يېقىملىق مۇئامىلە قىلىڭ.

مۇلايىم، يېقىشلىق، ھېسداشلىققا باي ئاياللار سېھرىي كۈچكە تولۇپ — تاشقان بولىدۇ. بۇنىڭغا ئۆزىگە خاسلىق، بىلىم ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش روھى قوشۇلسا، گۈل ئۈستىگە گۈل كەلگەندەك بولىدۇ.

⑥ ئاددىي ئاياللىق قەلبىڭىز بولۇشى كېرەك.

ھازازۇللۇق قىلماڭ، ھەرقانچە ئىقتىدارلىق ۋە گۈزەل بولۇپ كېتىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر ئۆزىڭىزنىڭ ئاددىي بىر ئايال ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىز، بۇرچىڭىزنى تىرىشىپ ئادا قىلىشىڭىز كېرەك.

⑦ يۇمۇرىستىك، ئوچۇق — يورۇق بولۇڭ.

يۇمۇرنىڭ گرېكچە مەنىسى «خانىم قىزلار سۆيۈملۈكى».

يۇمۇرستىك تۇيغۇ ئادەمنى جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياشىنىتىدۇ. خانىملار ھەرگىز يۇمۇرلۇقنى يوقىتىپ قويماسلىق لازىم.

يۇقىرىقىلارغا دىققەت قىلسىڭىز، چوقۇم جەلپكار ئايال بو-لالىشىڭىزدا گەپ يوق.

**خانىم - قىزلارنىڭ ئەڭ زور تەسىرى ۋە جەلپ قىلىش كۈچى پەلسەپىچىلەرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا يېقىن يولاتماسلىق تە-سىرى، مەلۇم ئارىلىق ساقلاش ھەرىكىتى بولۇپ، بۇ ئەزەلدىن تۈپ ئاساس ۋە ئەڭ مۇھىملىققا تەۋە بولغان ئارىلىقتۇر.**

**— نىبس**

**چىھرى كۈلگەن گۈزەلنىڭ بارچىسى دىلبەر ئەمەس،**
**ئەينىكى بار كىشىلەرنىڭ بەرى ئىسكەندەر ئەمەس.**

**— ھاپىز شىرازى**

# 100 . نەچچە ئون يىللىق تۇرمۇشىڭىزدا ئەسلىگۈدەك نېمە بارئىكەن؟

نەچچە ئون يىل بىللە ياشاش، ئەسلىدە پەقەت تونۇشمايدىغان ئىككى ئادەم چىقىشىپ بىللە ئۆتۈش، بەزىدە تاتلىق، بەزىدە ئاچچىق، بەزىدە خۇشال، بەزىدە ئازابلىق مۇساپىلەردە قانچىلىغان مۇھەببەت ــ نەپرەت، ياخشى كۆرۈش، ئۆچمەنلىك، قايغۇ ــ خۇشاللىق، ئايرىلىش، جەم بولۇشتەك ئىشلارنى باشتىن كەچۈردۇڭلار؟ بىر ئويلىساڭلار خۇددى نەچچە يۈز يىل ياشىۋەتكەندەك، بىر ئويلىساڭلار تېخى تۆنۈگۈنكى ئىشتەك تۇيغۇ بېرىدىغان تۇرمۇش، نىكاھ. سىز ھېس قىلغاندا تۇرمۇشنىڭ قايغۇ ــ ھەسرىتىنى، ھاياتلىقنىڭ ئاجىزلىقى، نازۇكلۇقىنى ئېرىڭىز بىلەن ئورتاقلىشىڭ! ئەرلەرنىڭ مۇرىسى ئەسلىدىنلا ئاياللارنىڭ يۆلىنىشى ئۈچۈن ئاشۇنداق مۇستەھكەم يارالغان.

قەلبىڭىزنى ئاشكارىلاپ، ھەر دائىم ئېرىڭىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشىڭلاردىكى ئاچچىق ــ چۈچۈكلەرنى، ھاياتىڭلاردىكى ئەگرى ــ توقايلىقلارنى سەممىي ھالدا سۆزلىشىڭ. پىكىر ئالماشتۇرۇڭ، شۇندىلا سىز ئەرلەرنىڭ سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىدەك قەيسەر ئەمەسلىكىنى بايقايسىز.

ھەربىر ئادەمنى ئاتا ــ ئانا تۇغۇپ بېقىپ، قاتارغا قوشىدۇ،

ئەرلەرنىڭ ئازابلىرى، خۇشاللىقلىرى، نەپرىتى ۋە ئاداۋىتى... ئاياللار بىلەن ئوخشاشلا ناھايىتى تەسىرلىك.

ھەرقانداق مۇشەققەتنىڭ ئاخىرى راھەتتۇر، مۇشەققەت چەكمىگەن راھەتكە مۇيەسسەر بولالمايدۇ. تاماق مەقسەتكە يېتىشنىڭ ۋاستىسى، ئەمما ئۇ ئوتنىڭ مۇشەققىتىنى تارتمىسا، خام پېتى قالىدۇ. ئالتۇن كىشىلەرنىڭ دىلكىشىدۇر، ئۇ پەقەت ئوتتىلا غەلدى ـ غەشتىن خالاس بولىدۇ. ئوت قانچە يالقۇنلۇق بولسا، ئالتۇن ئېرىش جەريانىدا شۇنچە پارقىرايدۇ.

— ئەلىشىر نەۋائى

زەنجىرنىڭ ئاخىرقى ھالقىسى ئىنسان،
ئۇ ئاچقۇچ قۇلۇپنى ئاچىدۇ ئاسان.
سەرۋىدەك باشنى تىك كۆتۈرەر مەغرۇر،
بارلىقى ياخشى سۆز، ئەقىل تەپەككۇر.
ئەقىل بىلەن ئىدراك پەقەت ئاڭا يار،
پۈتۈن تىلسىز ئالەم پەرمانىغا زار.

— ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى

## 101 . باللىرىڭىزنى تىرىك يېتىم بولۇشقا مەجبۇرلىماڭ

كىچىك ۋاقتلىرىمدا كوچىلاردا باللار ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خۇشال، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ «ئايرۇپىلان» ئۇچۇپ ماڭ ـ غىنىنى، دادىلىرىنىڭ باللىرىنى سۆيۈپ قويغانلىقى، ئەركىلەت ـ كەنلىكىنى كۆرسەم كۆڭلۈم بۇزۇلاتتى، باشقا بىر نەۋرە تۇغقانلى ـ رىمنىڭ ھەممىسىنىڭلا دادىسى بار، پەقەت ئاكام ئىككىمىزنىڭلا دادىمىز يوق ئىدى. ئۇنداق بەخت بىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلمى ـ گەن ئوخشايدۇ.

چوڭ بولغانچە «نېمىشقا ھەممىسىنىڭ دادىسى بار، مېنىڭ يوق» دەپ ئويلايدىغان، ئاشۇ دادىلارنىڭ بىرەرسى مېنىڭ دادامىدۇ ـ يە؟ دەپ خىيال قىلىپ قالىدىغان بولدۇم.

قىسقىسى، بىزدەك دادىسىز ياكى ئانىسىز تىرىك يېتىم باللارنىڭ يۈرىكىدىكى ئۇنداق ئازابنى تۆت كۆزنىڭ ئىچىدە چوڭ بولغانلار مەڭگۈ چۈشەنمەيدۇ، بىزدىكى «كەيپىيات ئاچار ـ چىلىقى» نى مەڭگۈ ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ.

تۇرمۇش دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىزدىكى پاراخوتقا ئوخشاي ـ دۇ، ئۇ بەزىدە قاتتىق بوران ـ چاپقۇنىنىڭ، قار يامغۇرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايدۇ، بەزىدە كۈچلۈك ئاپتاپنىڭ چېقىشىدىن

قۇتۇلغىلى بولمايدۇ؛ دولقۇن كۈچلۈك كەلگەن چاغلاردا قىڭغىيىپمۇ قالىدۇ، ھەتتا دۈم كۆمتۈرۈلۈپمۇ كېتىدۇ، بەزىدە سەللا بىخەستەلىك قىلسىڭىز «تىتانىك نامىلىق پاراخوت» تەك خادا تاشقا سوقۇلۇپ پارچىلىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا بەزىدە غۇرۇرىڭىز ئازار يەيدىغان، ھەممىدىن ھەتتا ھاياتىڭىزدىنمۇ ۋاز كېچىشنى ئويلايدىغان چاغلار بولىدۇ. لېكىن دەل مۇشۇنداق چاغدا كاللىڭىزنى سىلكىۋېتىپ ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، چۈنكى بالىلىرىڭىز سىزنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىڭىزگە، تەربىيىلىشىڭىزگە، بېقىپ چوڭ قىلىشىڭىزغا مۇھتاج. ئۇلارغا دادىنىڭمۇ، ئانىنىڭمۇ مېھرى، ئەركىلىتىشلىرى، قۇچىقى كېرەك. «پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالىدىغان» ئىشنى قىلىشتىن ساقلىنىڭ، كېيىن ھەرقانچە پۇشايمان قىلسىڭىزمۇ ئورنىغا كەلتۈرەلمەيسىز. چوڭلارنىڭ مۇنداق گېپى ھەر ۋاقىت ئېسىڭىزدە بولسۇن:

**«توي قىلغۇچە ئىككى كۆزۈڭنى يوغان ئاچ، تويدىن كېيىن بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال».**

**ھەر سەۋرىنىڭ ئاخىرى زەپەر،**
**ئەر ئاچچىقىنىڭ ئاخىرى شىكەر.**

**— جالالىدىن رۇمى**

# ئەمىن كىتابچىلىقى نەشرگە تەييارلىغان كىتابلار

| | |
|---|---|
| ئەدەب ــ ئەخلاقتىن تەۋسىيەلەر | 12(يۈەن) |
| ئەدەب ــ ئەخلاقتىن تەۋسىيەلەر(2) | 12(يۈەن) |
| مەدەنىيىتىمىزگە تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر شەخسلەر | 25(يۈەن) |
| شاراب بالاسى | 30(يۈەن) |
| مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى | 34(يۈەن) |
| مۇسۇلمانلار دۇنياسى | 19.8(يۈەن) |
| ئىسلامىيەتنىڭ ياشلىق دەۋرى (1) | 22(يۈەن) |
| ئىسلامىيەتنىڭ ياشلىق دەۋرى (2) | 22(يۈەن) |
| ئىسلامىيەتنىڭ ياشلىق دەۋرى (3) | 22(يۈەن) |
| ئىسلامىيەتنىڭ قىران دەۋرى(1) | 22(يۈەن) |
| ئىسلامىيەتنىڭ قىران دەۋرى(2) | 22(يۈەن) |
| ئەتراپىمىزدىكى شىپالار | 12 (يۈەن) |
| سەھىھ ھەدىسلەر | 13.5(يۈەن) |
| ئىسلامىيەتنىڭ ئىقتىساد ئىدىيىسى | 18(يۈەن) |
| تالانتلىق بالا مۇنداق تەربىيىلىنىدۇ | 20(يۈەن) |
| بۈركۈت سايىسى | 15(يۈەن) |
| ئۆمۈرلۈك دەسمايە | 15(يۈەن) |
| سۆيگۈ ۋە قىساس | 13(يۈەن) |
| ئارتىبالىق ھەققىدە قىسسە | 18(يۈەن) |
| ئورۇقلاش جېڭى | 19.8(يۈەن) |
| ۋىناسچە ئىستىراتېگىيە | 13(يۈەن) |
| باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭ | 13(يۈەن) |
| ئاياللار ئاجىزلىقى | 16(يۈەن) |
| ئەرلەر داۋائىي غىزالىرى | 12(يۈەن) |
| ئاياللار ۋە قان تىپى | 7(يۈەن) |
| ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغان سىرلىرى | 15(يۈەن) |
| ئەرلەر دەستۇرى | 17.6(يۈەن) |
| سىز نېمە ئۈچۈن كەمبەغەل بولۇپ قالدىڭىز | 10(يۈەن) |
| مەدەنىيەتلەرنىڭ بىللە مەۋجۇتلۇقى | 20(يۈەن) |
| توزانلىق يوللار(پوۋېست) | 10(يۈەن) |
| كارل ۋېتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى | 16.8(يۈەن) |

| | |
|---|---|
| ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆز ئەتراپى قورۇقىنى يوقىتىش | 10 (يۈەن) |
| 100 كېسەلگە 1000 رېتسېپ | 16 (يۈەن) |
| 100 كېسەلگە 1000 رېتسېپ (2) | 16 (يۈەن) |
| ئاياللار بىلىشكە تېگىشلىك پەرھىزلەر (1، 2، 3، 4) | 40 (يۈەن) |
| ئەقىل ـ پاراسەتكە دائىر چۆچەكلەر (1ـ2) | 24 (يۈەن) |
| قىز ـ ئاياللار مەخپىيىتى | 14 (يۈەن) |
| مىڭ دەردلەر دەۋاسى | 15 (يۈەن) |
| لابى شاۋشىن (ياپونىيە بالىلار كارتون كىتابى) (32—1) | 196 (يۈەن) |
| ئۇۋۇلاپ كېسەل داۋالاش | 16 (يۈەن) |
| ساراڭ بولۇۋالغان ئوغرى | 12 (يۈەن) |
| ياقىدىغان ۋە ياقمايدىغان يېمەك ـ ئىچمەكلەر | 12 (يۈەن) |
| مائارىپ ۋە كەلگۈسىمىز | 18 (يۈەن) |
| قىزلىق دوقمۇشىدىن ئاتلىق سەپىرىگىچە | 19 (يۈەن) |
| ئۇيغۇر تىبابەت داۋالاش دەستۇرى | 72 (يۈەن) |
| پايدىلىق كۆرسەتمىلەر (1 ـ 2) | 32 (يۈەن) |
| سەرخىل ئەسەرلەردىن جەۋھەرلەر | 42 (يۈەن) |
| نەۋائىي دەۋرى تىبابىتى | 18 (يۈەن) |
| ئاياللارنىڭ 10 خىل تۇرمۇش ھەقىقىتى | 18 (يۈەن) |
| ئاياللار گۈزەللىك رېتسېپلىرى | 16 (يۈەن) |
| تېببىي ھېكايەتلەر | 14 (يۈەن) |
| تېببىي خۇلاسىلەر | 16 (يۈەن) |
| ئەجدادلاردىن قالغان مەخپىي رېتسېپلار | 12 (يۈەن) |
| تەربىيەتلىك بايانلار | 14 (يۈەن) |
| كىشىلىك ھاياتىنكى 120 ئاگاھلاندۇرۇش | 18 (يۈەن) |
| بوۋام ئېيتقان ھېكمەتلەر | 16 (يۈەن) |
| بالىلار تەربىيىسىگە دائىر 1001 ھېكمەت | 16 (يۈەن) |
| مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم | 14 (يۈەن) |
| ئىزگۈلۈك مالائىكىسى | 14 (يۈەن) |
| مەن ئۆزۈمنىڭ دوختۇرى | 16 (يۈەن) |
| ياش ـ ئۆسمۈرلەر بىلىشكە تېگىشلىك 100 ھەقىقەت | 16 (يۈەن) |
| ياشانغانلار ساغلاملىق يېمەكلىكلىرى | 14 (يۈەن) |
| ئۇيغۇرلارنىڭ شىپالىق ئۇماچلىرى | 12 (يۈەن) |

ئالاقىلەشكۈچى: ھەسەنجان 8218823—0991

